د

د «دَالٌ» : ئەرەب ئېلىپبەسىنىڭ سەككىزىنچى ھەرپى بولۇپ، ئەبجەد ھېسابىدا «4» نى بىلدۈرىدۇ.

دَاءٌ ج أَدْوَاءٌ: كېسەل، ئىللەت، ئىچكى ـ تاشقى ئەيىب، ئاغرىق.

دَاءُ الذِّئبِ : ئاچلىق كېسىلى.

دَاءُ الْفِيلِ: پىل تاپان.

دَاءُ الْمُلُوكِ: بوغۇم ئاغرىش كېسىلى، يەللىك بوغۇم ئاغرىقى.

مَيِّتُ الدَّاءِ: ئۆچ ـ ئاداۋەت ساقلىمايدىغان ئادەم.

دَاءُ الْكَلْبِ: غالجىرلىق كېسىلى.

دَاءُ الْمَفَاصِلِ: رېماتىزم كېسىلى.

دَاءُ الْأَسَدِ: تەپ ـ قىزىتما كېسەللەر؛ كېزىك.

دَاءُ الْحَيَّةِ: چاچ چۈشۈش كېسىلى.

دَاءُالثَّعْلَبِ: چاچ چۈشۈش كېسىلى.

دَاءُ النُّقْطَةِ: سەكتە، مېڭىگە قان چۈشۈش.

دَابٌ: ئۈمىلەپ ماڭغۇچى، تۆت ئاياغ بىلەن ماڭغۇچى، يەر بېغىرلاپ ماڭغۇچى، ئۈمىلىگۈچى.

دَابَّةٌ ج دَوَابُّ: ئات، ئۇلاق، ئۆي ھايۋانلىرى، چارپاي.

«وَمَامِنْ دَابَّةٍ فِى الْأَرْضِ إِلَّاعَلَى اللّٰهِ رِزْقُهَا» «قۇرئان» : يەر يۈزىدىكى ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىگە رىزىق بېرىشنى ئاللاھ (مەرھەمەت يۈزىسىدىن) ئۈستىگە ئالغان.

دَوَابُّ الزِّرَاعَةِ : تېرىلغۇ ھايۋانلىرى.

دَابَّةُ الْأَرْضِ: ئاق چۈمۈلە.

دَابَرَ يُدَابِرُ مُدَابَرَةً الرَّجُلَ رَحْمَهُ: تۇغقانلىق مۇناسىۋىتىنى ئۈزدى.

دَابَرَ الرَّجُلُ: كىشى ئۆلدى.

دَابَرَهُ: ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىدى.

دَابِرٌ ج دَوَابِرُ: ئاخىرى، قۇيرۇقى، يىلتىزى، تېگى، ئاساسىي؛ ئۆتۈپ كەتكەن؛ ئەگەشكۈچى.

قَطَعَ دَابِرَهُ: يىلتىزىنى قۇرۇتتى، تۈپ يىلتىزىدىن يوقاتتى. تەلتۆكۈس ھالاك قىلدى.

«وَقَطَعْنَا دَابِرَ الَّذِينَ كَذَّبُوا بِآيَاتِنَا» «قۇرئان» : بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلارنى تەلتۆكۈس ھالاك قىلدۇق.

دَابِرَةٌ: پەي، تاپان.

دَابِرَةُ الْمِخْلَبِ: چاڭگال، پەنجە پۇت.

دَاثَ يَدِيثُ دَيْثًا و دِيَاثَةً: يۇمشاق باش بولدى، ئەرلىك غەيرىتىنى يوقاتتى ، شەرمى ـ ھاياني يوقاتتى.

دَاثِرٌ ج دَوَاثِرُ: ھالاك بولغۇچى، يوقالغۇچى؛ كۆزگە ئىلىكى بولمايدىغان؛ ھالاكەت، ئاپەت، بالا ـ قازا.

دَاجَ يَدِيجُ دَيْجًا : ئاستا ماڭدى.

دَاجٌّ ج دَاجَّةٌ و دَاجُّونَ: ياللانغان ئادەم، خىزمەتچى، ھامال.

دَاجَنَ يُدَاجِنُ مُدَاجَنَةً: ئالدىدى، گۆللىدى، تەخسىكەشلىك قىلدى، خۇشامەت قىلدى.

دَاجِنٌ م دَاجِنَةٌ ج دَوَاجِنُ: كۆندۈرۈلگەن ھايۋانلار، ئائىلىدە بېقىلغان ئۆي ھايۋانلىرى.

حَيَوَانَاتٌ دَاجِنَةٌ: ئۆي ھايۋانلىرى؛ ئۆي قۇشلىرى.

دَاجِنَةٌ ج دَوَاجِنُ: يامغۇرلۇق بۇلۇت.

دَاجَى يُدَاجِى مُدَاجَاةً الرَّجُلَ: مادارا قىلدى، چىقىشىپ ئۆتتى.

دَاجٍ م دَاجِيَةٌ: قاراڭغۇ زۇلمەت.

لَيْلٌ دَاجٍ: قاراڭغۇ كېچە.

ثَوْبٌ دَاجٍ: كەڭ كىيىم.

عَيْشٌ دَاجٍ: پاراۋان تۇرمۇش، كەڭتاشا تۇرمۇش.

دَاجَ يَدُوجُ دَوْجًا الشَّجَرَةُ: دەرەخ ئۆستى.

دَاجَ الْبَطْنُ: قورساق سالدى.

دَاحِسٌ: سەينۇكە، چىقان، ھايۋانلارنىڭ تۇۋاق ياللۇغى.

دَاحِضٌ ج دُحَضٌ: ئىرادىسىز، تۇراقسىز.

اَلدَّاحِضَةُ: باتىل، زايىل بولغۇچى.

«حُجَّتُهُمْ دَاحِضَةٌ» «قرآن»: ئۇلارنىڭ پاكىتى باتىلدۇر.

دَاحُوسٌ: سەينۇكە.

دَاخَ يَدُوخُ دَوْخًا الرَّجُلُ: خار بولدى، بويسۇندى، خاراب بولدى؛ بېشى قايدى، بېشى ئايلاندى.

«دَاخَ مِنْ كَثْرَةِ الضَّوضَاءِ وَالصُّرَاخِ»: ۋاراڭ ـ چۇرۇڭدىن بېشى ئايلىنىپ كەتتى.

دَاخَ الْبِلاَدَ: دۆلەتنى ئىگىلىۋالدى، ئىستىلا قىلدى.

دَاخَلَ يُدَاخِلُ مُدَاخَلَةً و دِخَالاً فُلاَنٌ الرَّجُلَ فِي أُمُورِهِ: ئورتاقلاشتى، شېرىكلەشتى.

دَاخِلٌ: كىرگۈچى، قاتناشقۇچى، داخىل بولغۇچى؛ ئىچى، ئىچكى قىسمى.

دَاخِلُ الشَّيْءِ: نەرسىنىڭ ئىچكى قىسمى.

«يَغْسِلُ دَاخِلَةَ إِزَارِهِ» «حديث»: تامبىلىنىڭ ئىچىنى يۇيۇۋاتىدۇ.

مِنَ الدَّاخِلِ: ئىچىدىن، ئارىسىدىن.

فَحَصَهُ مِنَ الدَّاخِلِ: ئىچىدىن تەكشۈردى.

دَاخِلٌ فِي اعْتِبَارِهِ: سانىنىڭ ئىچىدە بار.

«اَلْغُرْفَةُ مِنَ الدَّاخِلِ مُنِيرَةٌ جِدًّا»: ئۆي ئىچى ناھايىتى يورۇق.

دَاخِلاً: ئىچىگە، ئىچكى تەرەپكە.

دَاخِلَةٌ ج دَوَاخِلُ: خىلۋەت جاي.

دَاخِلَةُ الْإِنْسَانِ: مەقسەت، ئىرادە.

دَاخِلِيٌّ: ئىچكى، ئىچكى قىسىم، ئىچى.

شُعُورٌ دَاخِلِيٌّ: ئىچكى ھېسسىيات.

قَرْضٌ دَاخِلِيٌّ: زايوم، ئىچكى قەرز.

طَالِبٌ دَاخِلِيٌّ: مەكتەپتە يېتىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچى.

دَاخِلِيًّا: ئىچكى، ئىچىدە.

دَاخِلِيَّةٌ: ئىچكى، ئىچكى جەھەتتىكى.

دَاخِلِيَّةُ الْأُمُورِ: ئىچكى ئىشلار.

دَاخِلِيَّةُ الْبِلاَدِ: ئىچكى قۇرۇقلۇق، ئىچكى جايلار، ئىچكى ئۆلكىلەر.

مَلاَبِسُ دَاخِلِيَّةٌ: ئىچ كىيىم.

خِلاَفَاتٌ دَاخِلِيَّةٌ: ئىچكى ئىختىلاپلار.

حَرْبٌ دَاخِلِيَّةٌ: ئىچكى ئۇرۇش.

مُشْكِلَةٌ دَاخِلِيَّةٌ: ئىچكى مەسىلە.

تِجَارَةٌ دَاخِلِيَّةٌ: ئىچكى سودا، دۆلەت ئىچكى سودىسى.

مَدْرَسَةٌ دَاخِلِيَّةٌ: ياتاقلىق مەكتەپ.

وَزِيرُ الدَّاخِلِيَّةِ: ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكى.

مُشَاغَبَاتٌ دَاخِلِيَّةٌ: ئىچكى قالايمىقانچىلىق، ئىچكى پاراكەندىچىلىك، توپىلاڭ.

دَاخِنٌ: ئىسلىق، ئىس چىقىۋاتقان.

دَاخِنَةٌ ج دَوَاخِنُ: تۈرخۇن، مورا.

دَارَ يَدُورُ دَوْرًا بِهِ أَوْ حَوْلَهُ: ئايلاندى، چۆرگىلىدى، دەۋرىي قىلدى، پىرقىرىدى.

دَارَتِ الْعَيْنُ: كۆز پىلدىرلىدى، پارقىرىدى.

«يَنْظُرُونَ إِلَيْكَ تَدُورُ أَعْيُنُهُمْ كَالَّذِي يُغْشَى عَلَيْهِ مِنَ الْمَوْتِ» «قرآن»: ئۇلارنىڭ ساكراتتا چۈشۈپ قالغان ئادەمدەك (قورقۇنچتىن) كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ قاراۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن.

دَارَالْفَلَكُ فِي مَدَارِهِ: پەلەك ئۆز ئوقىدا ئايلاندى.

دَارَتِ الْمَسْأَلَةُ: مەسىلە قايتىلاندى، تەكرارلاندى.

دَارَالْخَبَرُ عَلَى الْأَفْوَاهِ: خەۋەر تارالدى، پۇر كەتتى.

دَارَالْعَمَامَةَ حَوْلَ رَأْسِهِ: سەللىنى يۆگىدى.

دَارَ رَأْسُهُ: بېشى قايدى.

دَارَتْ عَلَيْهِ الدَّوَائِرُ: پېشكەللىكلەرگە يولۇقتى، بالا ـ قازاغا ئۇچرىدى.

كُلٌّ دَارَ فِي عَمَلِهِ: ھەممىسى ئۆز خىزمىتىنى ئىشلەيدۇ.

دَارَتْ رَحَى الْحَرْبِ: ئۇرۇش قىزىدى، ئۇرۇش ئەۋجىگە چىقتى.

دِيْرَبِي: بېشىم قايدى.

دَارٌ ج دِيَارٌ و دُورٌ: ئورۇن، جاي، قورۇ، ھويلا؛ يۇرت، خانا.

دَارُالْآثَارِ: مۇزېي.

دَارُالْبَقَاءِ: جەننەت.

دَارُ السَّلَامِ: جەننەت؛ باغداد.

«وَاللّٰهُ يَدْعُوا اِلَى دَارِالسَّلَامِ» «قرآن» : ئاللاھ (كىشىلەرنى) ئامان جايغا (جەننەتكە) دەۋەت قىلىدۇ.

دَارُ الْإِسْلَامِ: ئىسلام دۆلىتى؛ تىنچ رايون.

دَارُالْفِتَنِ: دۇنيا، بۇ ئالەم.

دَارُ الْفَنَاءِ: بۇ دۇنيا، بۇ ئالەم.

اَلدَّارُ الْأُوْلَى: بۇ دۇنيا، بۇ ئالەم.

اَلدَّارُ الْآخِرَةُ: ئۇ دۇنيا، ئاخىرەت.

دَارُ الْقَرَارِ: ئاخىرەت، ئۇ دۇنيا.

دَارُ الْخُلْدِ: ئۇ دۇنيا، ئاخىرەت.

دَارُ الْحَرْبِ: دۈشمەن دۆلىتى، ئۇرۇش رايونى.

دَارُالتَّمْثِيلِ: تىياتىرخانا.

دَارُ الصِّنَاعَةِ: ھەربىي زاۋۇت؛ ھەربىي قورال ئىسكىلاتى، قورال ـ ياراغ زاۋۇتى.

دَارُالضَّرْبِ: تەڭگە تىللا چىقىرىش زاۋۇتى، پۇل قۇيۇش زاۋۇتى.

دَارُالْحِضَانَةِ: يەسلى.

دَارُالْعُلَمَاءِ: ئىلمىي جەمئىيەت، پەنلەر ئاكادېمىيىسى.

دَارُ الْعُلُومِ: ئالىي مەكتەپ؛ دارىلمۇئەللىمىن؛ ئۇنىۋېرسىتېت.

دَارُ الْقَضَاءِ: سوت، سوت مەھكىمىسى، قازىخانا.

دَارُ الْكُتُبِ: كۇتۇپخانا.

دَارُ الْهِجْرَةِ: مەدىنە مۇنەۋۋەرە.

دَارُ النَّدْوَةِ: يىغىن مەيدانى، مەجلىسخانا.

دَارُ الصُّلْحِ: ئۇرۇش توختاتقان دۆلەت، كېلىشىم تۈزۈشكەن دۆلەت.

اَلدَّارُ الْمُفَوَّضِيَّةُ: كونسۇلخانا.

دَارُ السِّينَمَا: كىنوخانا.

دَارُ اللَّهْوِ: تىياتىرخانا، ئويۇنخانا.

دُورُ الْحُكُومَةِ: ھۆكۈمەت بىناسى.

اِخْتِلَافُ الدَّارَيْنِ: دۆلەت تەۋەلىكىنىڭ پەرقى، دۆلەت تەۋەلىكىنىڭ ئوخشىماسلىقى.

اَلدَّارُ الْبَيْضَاءُ: كاسابلانكا (ماراكەشنىڭ ئەڭ چوڭ تىجارەت پورت شەھىرى بولۇپ، ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ بويىغا جايلاشقان).

دَارٌ صِينِيٌّ: دارچىن، قوۋزاقدارچىن.

دَارَةُ الْقَمَرِ ج دَارَاتٌ: ئاي قوتىنى، ئاي ھالقىسى، يورۇقلۇق گەردىشى (ئاي ئەتراپىدىكى ئاق ياكى رەڭدار چەمبەرلەر.)

دَارَةُ الشَّمْسِ: قۇياش قوتىنى، كۈن قوتىنى.

دَارِجٌ: كىشىلەر ئارىسىدىكى ئومۇمىي ئېقىۋاتقان، ئوتتۇرىدا ئۆتۈۋاتقان ، يۈرۈشۈۋاتقان، نورمال، كۆرۈلۈپ تۇرغان، ئاددىي، ئادەتتىكى، داۋاملىق.

طِفْلٌ دَارِجٌ: ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان بالا.

اَللُّغَةُ الدَّارِجَةُ: جانلىق تىل، ئېغىز تىلى، خەلق تىلى.

دَارَسَ يُدَارِسُ مُدَارَسَةً: مۇزاكىرە قىلىشتى، ئۆزئارا ئۆگىنىشتى.

دَارِسٌ ج دَوَارِسُ: ئۆچۈرۈلىدىغان، ئىزى يوقاپ كەتكەن، ئۆچۈپ كەتكەن.

دَارِعٌ ج دَارِعُونَ: ساۋۇتلۇق، ساۋۇت كىيگەن.

رَجُلٌ دَارِعٌ: ساۋۇتلۇق ئادەم.

دَارِعَةٌ ج دَوَارِعُ: برونېك قوشۇن.

دَارَكَ يُدَارِكُ دِرَاكًا وَمُدَارَكَةً: يېتىشىۋالدى.

دَارَى يُدَارِي مُدَارَاةً: چىقىشتى، مادارا قىلىشتى، يۇمشاق، مۇلايىم بولۇشتى، يول قويىدى،

خۇشامەت قىلدى، تەخسىكەشلىك قىلدى.

دَارَى خَجَلَهُ: خىجىل بولغانلىقىنى يوشۇردى.

«دَارِ هَذَاالْأَمْرَالْآنَ فَلَيْسَ مِنَالْمَصْلَحَةِإِعْلَانُهُ»: بۇ ئىشنى مەخپىي تۇتقىن، ھازىر ئاشكارىلاش پايدىسىز.

دَارٍ بِالْأَمْرِ: خەۋەردار، پىششىق، ماھىر.

دَاسَ يَدُوسُ دَوْسًا وَدِيَاسًا الطَّرِيقَ: يول باستى، يول يۈردى.

دَاسَ عَلَى الشَّيْءِ: ئۈستىدە ماڭدى.

دَاسَ الْقِطَارُ فُلَانًا: پالاننى پويىز بېسىۋەتتى.

دَاسَ الزَّرْعَ: خامان تەپتى، شال سوقتى.

دَاعَبَ يُدَاعِبُ مُدَاعَبَةً الشَّخْصَ: ئويناشتى، چاقچاقلاشتى.

«دَاعَبَ الرَّجُلُ زَوْجَتَهُ»: ئايالى بىلەن چاقچاقلاشتى.

دَاعَبَ النُّعَاسُ جُفُونَهُ: ئۇنى ئۇيقۇ باستى.

دَاعِبٌ: ئويۇنچى، چاقچاقچى، ئىشرەتخور.

دَاعِرٌ م دَاعِرَةٌ ج دُعَّارٌ: شاللاق، بۇزۇق، پاسىق.

دَاعِكٌ م دَاعِكَةٌ: ئۇچىغا چىققان ئەخمەق.

دَاعَى يُدَاعِي مُدَاعَاةً: مۇنازىرىلەشتى، جاڭجاللاشتى، ئەرز قىلدى، دەۋا قىلدى، شىكايەت قىلدى.

دَاعٍ (اَلدَّاعِي) ج دُعَاةٌ: دۇئا قىلغۇچى، چاقىرىق قىلغۇچى، دەۋەت قىلغۇچى، تەشۋىقاتچى؛ مەزىن، دەۋەتچى.

«يَا قَوْمَنَا أَجِيبُوا دَاعِيَ اللّٰهِ» (قۇرئان): ئى قەۋمىمىز! ئاللاھقا دەۋەت قىلغۇچى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام)نىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىڭلار.

دُعَاةُ السَّلَامِ: تىنچلىق تەرەپدارلىرى.

دُعَاةُ الْحَرْبِ: ئۇرۇش پەرەسلەر، ئۇرۇش خۇمارلار، ئۇرۇش بېدىككىلىرى.

دَاعِيَةٌ ج دُعَاةٌ: بىرەر دىنغا ياكى بىرەر ئىدىئولوگىيىگە دەۋەت قىلغۇچى، تەشۋىقاتچى.

دَاعِيَةٌ ج دَوَاعٍ: زامانىنىڭ بالايىئاپەتلىرى.

دَافَ يَدُوفُ دَوْفًا الدَّوَاءَ: دورىنى ئارىلاشتۇردى، قوچىدى.

دَافِئٌ: ئىسسىق، ئىللىق.

«اَلْيَوْمَ دَافِئٌ جِدًّا كَأَنَّ الرَّبِيعَ قَدْجَاءَ»: بۈگۈن خۇددى باھار كەلگەندەك ناھايىتى ئىسسىق.

دَافَعَ يُدَافِعُ مُدَافَعَةً وَ دِفَاعًا عَنْهُ: قوغدىدى، مۇداپىئە كۆردى.

«إِنَّ اللّٰهَ يُدَافِعُ عَنِ الَّذِينَ آمَنُوا» (قۇرئان): ئاللاھ مۆمىنلەرنى چوقۇم قوغدايدۇ.

دَافَعَ الرَّجُلَ عَنْ حَقِّهِ: كىشىنىڭ ھەققىنى بېرىشكە ئاغا قىلدى، ھەققىنى بېرىشنى كېيىنگە سۈردى.

دَافَعَ الرَّجُلَ: كىشىنى چەتكە قاقتى، رىقابەتلەشتى.

دَافِعٌ ج دَوَافِعُ: قارشى تۇرغۇچى، رەت قىلغۇچى، چېكىندۈرگۈچى، قايتۇرغۇچى؛ ئىتتىرىش كۈچى، ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ.

«إِنَّ عَذَابَ رَبِّكَ لَوَاقِعٌ مَالَهُ مِنْ دَافِعٍ» (قۇرئان): پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئازابى چوقۇم يۈز بەرگۈچىدۇر، ئۇنىڭغا ھېچ ئادەم قارشى تۇرالمايدۇ.

«مَا الدَّافِعُ إِلَى ارْتِكَابِ هَذِهِ الْجَرِيمَةِ»: بۇ جىنايەتنى ئۆتكۈزۈشكە سەۋەب بولغان نەرسە نېمە؟

دَافِعُ الْمَالِ: پۇل تۆلىگۈچى.

دَافِعُ الضَّرَائِبِ: باج تاپشۇرغۇچى.

اَلْقُوَّةُ الدَّافِعَةُ: ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ.

اَلْقُوَّةُ الْمَرْكَزِيَّةُ الدَّافِعَةُ: مەركەزدىن قېچىش كۈچى.

دَافِقٌ: ئېتىلىپ چىققۇچى.

«خُلِقَ مِنْ مَاءٍ دَافِقٍ» (قۇرئان): ئۇ ئېتىلىپ چىققۇچى مەنىدىن يارىتىلدى.

دَاقَّ يُدَاقُّ مُدَاقَّةً غَيْرَهُ فِي الْحِسَابِ: ئىنچىكە ھېسابلىدى.

دَاقَّ الرَّجُلُ: ئېھتىياتچان بولدى.

دَاكَ يَدُوكُ دَوْكًا الْعَطَّارُالطِّيبَ: خۇش پۇراق ساتقۇچى خۇش پۇراق نەرسىنى سوقتى، خۇش پۇراق نەرسىنى يەنچىدى.

دَاكَ الْقَوْمُ: كىشىلەر قالايمىقانلاشتى.

دَاكِسٌ: مۇدھىش، ياۋۇز.

دَاكَشَ يُدَاكِشُ مُدَاكَشَةً فِي : تېپىشتى، ئالماشتۇردى.

دَالَ يَدُولُ دَوْلاً الدَّهْرُ: زامان ئۆزگەردى، يۆتكەلدى.

دَالَتِ الْأَيَّامُ: كۈنلەر ئايلاندى.

دَالَتِ الثَّوْبُ: كىيىم يىرتىلدى.

دَالَتْ لَهُ الدَّوْلَةُ: ئۇنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كەلدى.

دَالَسَ يُدَالِسُ مُدَالَسَةً: خىيانەت قىلدى، ئالدىدى، ساختىپەزلىك قىلدى.

دَالٌّ: يېتەكچى، باشلامچى، رەھبەر، يول كۆرسەتكۈچى.

دَالٌّ عَلَى: كۆرسەتكۈچى.

دَالَّةٌ ج دَوَالٌّ: خىزمەت؛ ئىقتىدار؛ رول؛ ماھىيەت؛ ئۇنۇم.

دَالِيَةٌ ج دَوَالٍ: تال، ئۈزۈم دەرىخى، تەك، ساڭگىلاپ تۇرغان ئۈزۈم ساپىقى؛ پاچاق، يوتىلاردا كۆرۈنۈپ تۇرغان تومۇر.

دَامَ يَدُومُ دَوْمًا الشَّيْءُ: داۋاملاشتى، ھەمىشە بولدى.

«وَأَمَّا الَّذِينَ سُعِدُوا فَفِي الْجَنَّةِ خَالِدِينَ فِيهَا مَادَامَتِ السَّمَاوَاتُ وَالْأَرْضُ» «قۇرئان»: سائادەتمەنلەرگە كەلسەك، ئۇلار جەننەتكە كىرىدۇ، (جەننەتنىڭ) ئاسمان ـ زېمىنى يوقالمايلا تۇرسا ئۇلار جەننەتتە پەرۋەردىگارىڭ خالىغان زامانغىچە داۋاملىق تۇرىۋېرىدۇ.

«وَأَوْصَانِي بِالصَّلَاةِ وَالزَّكَاةِ مَادُمْتُ حَيًّا»

«قۇرئان»: ھاياتلا بولىدىكەنمەن، ماڭا نامازنى، زاكاتنى ئادا قىلىشنى تەۋسىيە قىلدى.

«مَادَامَ عِنْدَكُمْ اِجْتِمَاعٌ فَإِنَّهُ مِنْ غَيْرِ اللَّائِقِ أَنْ أَبْقَى هُنَا»: سىلەر يىغىن ئېچىۋاتقان ئىكەنسىلەر، مېنىڭ بۇ يەردە قېلىشىم مۇۋاپىق ئەمەس.

دَامَ عَلَى الْأَمْرِ: داۋاملاشتۇردى، قەتئىي چىڭ تۇردى.

دَامَ الْمَاءُ: سۇ تۇرغۇن بولدى.

«دَامَ الطَّائِرُ حَوْلَ الْمَاءِ»: قۇشلار سۇ ئەتراپىنى ئايلاندى.

مَادَامَ: پەقەت؛ ... بىلەن تەڭ؛ ... ھامان؛ ... باشقا.

دَامَا . دَامَةٌ: شاھمات، دامكا.

لَوْحَةُ دَامَا: شاھمات تاختىسى.

حَجَرُ الدَّامَا: شاھمات ئورۇقى.

دَامِجٌ ج دَوَامِجُ: قاراڭغۇ، قاپقاراڭغۇ.

لَيْلٌ دَامِجٌ: قاراڭغۇ كېچە.

دَامِسٌ: زۇلمەت قاراڭغۇ، قاپقاراڭغۇ.

لَيْلٌ دَامِسٌ: قاپقاراڭغۇ كېچە.

يَخْتَفِي الظَّلَامُ الدَّامِسُ: قاراڭغۇ زۇلمەت يوشۇرۇنىدۇ.

دَامِغٌ: قەتئىي.

دَلِيلٌ دَامِغٌ: قەتئىي دەلىل، كۈچلۈك دەلىل.

حُجَّةٌ دَامِغَةٌ: كۈچلۈك پاكىت، رەت قىلغىلى بولمايدىغان پاكىت.

شَجَّةٌ دَامِغَةٌ: دىماغقا كىرىپ دەرھال جان ئالىدىغان يارا.

دَامِقٌ: بۇزۇق.

دَامِكَةٌ ج دَوَامِكُ: بەختسىزلىك، ئاپەت، بالا، بالا ـ قازا.

دَامٍ م دَامِيَةٌ: قانلىق، قانغا بويالغان.

جُرْحٌ دَامٍ: قانلىق جاراھەت، قانلىق يارا.

حَرْبٌ دَامِيَةٌ: قانلىق جەڭ.

دَانَ يَدِينُ دَوْنًا الشَّخْصُ: چاكىنىلاشتى، تۆۋەن بولدى، پەس بولدى، ئەرزىمەس بولدى.

دَانَ يَدِينُ دَيْنًا وَدِيَانَةً لَهُ: بويسۇندى، باش ئەگدى، ئېگىلدى.

دَانَ بِالْفَضْلِ: ئېتىراپ قىلدى.

دَانَ بِالْإِسْلَامِ: ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدى.

دَانَ يَدِينُ دَيْنًا لَهُ بِحَيَاتِهِ: ئۇنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇشقا قەرزدار بولۇپ قالدى.

دَانَ الشَّخْصَ: قەرز بەردى.

دَانَهُ بِمَا صَنَعَ: ئۇنى قىلغان ئىشقا ئاساسەن مۇكاپاتلىدى.

دَانَ نَفْسَهُ: ئۆزىدىن ھېساب ئالدى.

«اَلْكَيِّسُ مَنْ دَانَ نَفْسَهُ» : ئۆزىدىن ھېساب ئالغان ئادەم ئەقىللىق ئادەمدۇر.

«كَمَا تَدِينُ تُدَانُ» «مثل» : قازىنىڭدا نېمە بولسا چۆمۈچۈڭگە شۇ چىقىدۇ، ئىشىڭغا يارىشا مۇكاپاتلىنىسەن ياكى جازالىنىسەن.

دَانَةٌ ج دَانَاتٌ: يادرو، توپ ئوقى، مەرمەر.

«تَقُومُ هَيْئَةُ التَّصْنِيعِ الْحَرْبِيِّ الْعَرَبِيَّةِ بِإِنْتَاجِ دَانَاتِ الْمَدَافِعِ الثَّقِيلَةِ» : ئەرەب ھەربىي قورال ئىشلەپچىقىرىش كومىتېتى ئېغىر زەمبىرەك ئوقلىرىنى ئىشلەپچىقارماقتا.

دَانِغٌ: پىخسىق، بېخىل.

دَانِقٌ ج دَوَانِقُ وَدَوَانِيقُ: بىر دىرھەمنىڭ ئالتىدىن بىرىگە تەڭ؛ ئاجىز، ياداڭغۇ؛ ئەرزىمەس ئادەم؛ ئەخمەق؛ ئوغرى.

دَانَى يُدَانِي مُدَانَاةً بَيْنَ الْعَمَلَيْنِ: يېقىنلاشتى.

دَانَى الْقَيْدَ: ئىشكەلنى تارايتتى، كىشەننى چىڭىتتى.

شَيْءٌ لَا يُدَانَى: مىسلىسىز، ئوخشىشى يوق، تەڭداشسىز.

دَانٍ: يېقىن، يېقىندىكى، يېقىنلاشقۇچى.

اَلْقَاصِي وَالدَّانِي: ھەممە ئادەم، ھەممە كىشى، يىراق - يېقىن.

دَاهَمَ يُدَاهِمُ مُدَاهَمَةً: تۇيۇقسىز زەربە بەردى، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى (ئاپەت قاتارلىقلار) تۇيۇقسىز كېسەل بولدى، ئۇشتۇمتۇت كېسەل بولدى.

«دَاهَمَتِ الشُّرْطَةُ وَكْرَ اللُّصُوصِ» : ساقچى ئوغرىلارنىڭ ئۇۋىسىغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلدى.

دَاهَمَتِ الْعَدُوُّ الْمَدِينَةَ: باسقۇن قىلدى، دۈشمەن شەھەرگە باستۇرۇپ كىردى.

دَاهَنَ يُدَاهِنُ مُدَاهَنَةً فُلَانًا: خۇشامەت قىلدى، مادارا قىلدى.

دَاهٍ «الدَّاهِي» ج دُهَاةٌ م دَاهِيَةٌ ج دَوَاهٍ «الدَّوَاهِي» : ئۆتكۈر ئادەم.

رَجُلٌ دَاهِيَةٌ: دانا ئادەم.

اِمْرَأَةٌ دَاهِيَةٌ: دانا ئايال.

دَاهِيَةُ السِّيَاسَةِ: مەشھۇر سىياسىئون، ئاتاقلىق سىياسەتچى، داھى.

دَوَاهِي الدَّهْرِ: بالا - قازا، مۇسىبەت.

دَاهِيَةٌ ج دَهْيَاءُ: چوڭ بالا - قازا، بالايىئاپەت.

فَلْيَذْهَبْ فِي دَاهِيَةٍ: جەھەننەمگە بارسۇن، دوزاخقا بارسۇن.

دَاوَرَ يُدَاوِرُ مُدَاوَرَةً: ئالداشقا ئۇرۇندى، پەللىمەكچى بولدى.

دَاوِرِيَّةٌ: چارلاش ئەترىتى، پاترول ئەترەت.

دَاوَلَ يُدَاوِلُ مُدَاوَلَةً: ئايلاندۇردى، ھەرىكەتلەندۈردى، ئۆتوشۇپ تۇردى، ئالمىشىپ تۇردى.

«وَتِلْكَ الْأَيَّامُ نُدَاوِلُهَا بَيْنَ النَّاسِ» «قرآن» : بۇ كۈنلەرنى ئىنسانلار ئارىسىدا ئايلاندۇرۇپ تۇرىمىز.

دَاوَلَ بَيْنَ ... وَ ... : ئالماشتۇردى.

دَاوَلَهُ بَيْنَ يَدَيْهِ: قولدىن - قولغا ئۆتكۈزدى.

دَاوَلَهُ مِنْ: يەڭدى.

دَاوَمَ يُدَاوِمُ مُدَاوَمَةً عَلَيْهِ: داۋاملاشتۇردى.

دَاوَمَ عَلَى الْعَمَلِ: ئىشنى داۋاملاشتۇردى.

دَاوَمَ عَلَى الْأَمْرِ: ئىشتا چىڭ تۇردى، ئىشنى داۋاملاشتۇردى.

دَاوَى يُدَاوِي مُدَاوَاةَ الْمَرِيضِ: كېسەلنى داۋالىدى، دورا يېزىپ بەردى.

دَايَةٌ ج دَايَاتٌ: تۇغۇت ئانىسى، كىندىك ئانىسى، دايە.

دَايَنَ يُدَايِنُ مُدَايَنَةً الْبَائِعُ الرَّجُلَ: سودىگەر نېسىگە بەردى.

دَايَنَ خَصْمَهُ: ئەرز قىلدى.

دَائِبٌ: قەتئىي، چىڭ، تەۋرەنمەس، چىداملىق؛ داۋاملاشتۇرغۇچى.

دَائِبَانِ: كېچە - كۈندۈز.

دَائِخٌ: چوقايغۇچى.

دَائِجٌ: قاراڭغۇ، زۇلمەتلىك.

لَيْلٌ دَائِجٌ: قاراڭغۇ كېچە.

دَائِرٌ: ئايلانغۇچى، چۆرگىلىگۈچى، ئايلىنىـ

ۋاتقان، چۆرگىلەۋاتقان.

اَلْإِجْتِمَاعُ لَايَزَالُ دَائِرًا: يىغىن داۋاملىشىۋاتىدۇ.

دَائِرٌ عَلَى مِحْوَرِهِ: ئۆز ئوقىدا ئايلانغۇچى.

اَلْمَسْرَحُ الدَّائِرُ: ئايلانما سەھنە.

اَلدَّائِرَةُ ج دَوَائِرُ: بەلباغ، ھالقا، دائىرە؛ چەمبەر، چەمبىرەك؛ رايون، جاي، يەر؛ مەغلۇبىيەت؛ بالايىئاپەت، پالاكەتچىلىك؛ مەقياس؛ چەك.

«يُسَارِعُونَ فِيهِمْ يَقُولُونَ نَخْشَى أَنْ تُصِيبَنَا دَائِرَةٌ» «قۇرئان»: دىللىرىدا كېسەللىك (يەنى مۇناپىقلىق) بارلارنىڭ (زامان ئۆزگىرىپ كۇففار زەپەر تاپسا) ئۆزىمىزگە بىر پالاكەتچىلىك كېلىشىدىن قورقىمىز دەپ ، ئۇلار بىلەن دوست بولۇشقا ئالدىرىغانلىقىنى كۆرىسەن.

اَلدَّائِرَةُ الْهَنْدَسِيَّةُ: چەمبەر.

دَائِرَةُ الْبُولِيسِ: باش ساقچى ئىدارىسى.

دَائِرَةُ الْحُكُومَةِ: ھۆكۈمەت ئورگىنى.

«أَيْنَ تَقَعُ الدَّائِرَةُ الَّتِي تَعْمَلُ فِيهَا»: سەن ئىشلەيدىغان ئىدارە قەيەردە ؟

دَائِرَةُ الطُّولِ: ئۇزۇنلۇق، مېرىدىئان.

دَائِرَةُ الْعَرْضِ: كەڭلىك، كەڭلىك دائىرىسى، پاراللېل.

دَائِرَةُ الْإِنْتِخَابِ: سايلام رايونى.

دَائِرَةٌ قُطْبِيَّةٌ: قۇتۇپ چەمبىرىكى.

دَائِرَةٌ كَهْرَبَائِيَّةٌ: قايتىش يولى؛ توك يولى، ئېلېكتر زەنجىرى.

دَائِرَةُ مَعَارِفَ: قامۇس، ئېنسىكلوپېدىيە.

دَائِرَةُ الْمَعَارِفِ الْإِسْلَامِيَّةِ: ئىسلام دىنى قامۇسى، ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى.

دَائِرَةُ الْأَمْنِ: خەۋپسىزلىك ئىدارىسى.

فِي دَائِرَةِ اِخْتِصَاصِهِ: ئۆزىنىڭ سالاھىيىتى دائىرىسىدە.

اَلدَّوَائِرُ دَارَتْ عَلَيْهِ: تۇرلۇك بالا ـ قازاغا يولۇقتى، نۇرغۇن كۆڭۈلسىزلىكلەرگە يولۇقتى.

«وَيَتَرَبَّصُ بِكُمُ الدَّوَائِرَ» «قۇرئان»: سىلەرنىڭ ھادىسىگە ئۇچرىشىڭلارنى كۈتىدۇ.

اَلدَّوَائِرُ الْعُلْيَا: دۆلەت ئەربابلىرى، يۇقىرى دائىرىلەر.

اَلدَّوَائِرُ الرَّسْمِيَّةُ: ئەھۋالدىن خەۋەردار كىشىلەر.

اَلدَّوَائِرُ السِّيَاسِيَّةُ: سىياسىي ساھەدىكىلەر، سىياسىي دائىرىلەر.

اَلدَّوَائِرُ الْمُطَّلِعَةُ: ھۆكۈمەت دائىرىلىرى.

دَائِرِيٌّ: يۇمىلاق، يۇمىلاق شەكىللىك، دۈگىلەك.

رُبْعُ دَائِرِيٌّ: چارەك (چەمبەرنىڭ تۆتتىن بىرى)

دَائِمٌ: ھەمىشە، داۋاملىق، دائىم، پۈتمەس ـ تۈگىمەس، ئۇزاق، ئۇزۇن.

«لَايَبُولَنَّ أَحَدُكُمْ فِي الْمَاءِ الدَّائِمِ» «حديث»: سىلەرنىڭ بىرىڭلار توختام سۇغا سىيمىسۇن.

دَائِمُ الْإِخْضِرَارِ: ياپيېشىللىق، يېشىللىق.

دَائِمًا: باشتىن ـ ئاخىر، داۋاملىق، ھەمىشە، ئەبەدىي.

«هُوَ يَزُورُنَا دَائِمًا»: ئۇ بىزنى زىيارەت قىلىپ تۇرىدۇ.

دَائِمًا أَبَدًا: مەڭگۈ، ئەبەدىي، ئۇزلۇكسىز.

دَائِنٌ: قەرز بەرگۈچى، قەرز ئىگىسى.

دَأَبَ يَدْأَبُ دَأْبًا وَدَأَبًا وَدُؤُوبًا فِي الْعَمَلِ: جاپالىق ئىشلىدى، ئىشنى تىرىشىپ ئىشلىدى.

دَأَبَ فِي الشَّرِّ: يامانلىقتا چۆكۈپ كەتتى.

دَأَبَ عَلَى الشَّيْءِ: ئادەتلەندى، داۋاملىق چىڭ تۇردى.

«دَأَبَ عَلَى الصَّلَاةِ فِي أَوْقَاتِهَا»: نامازنى ۋاقتىدا ئادا قىلىشقا ئادەتلەندى.

دَأْبٌ ج دُؤُوبٌ: خۇسۇسىيەت، ئادەت، ھال، قەتئىي ئىرادە، چىڭ ئىرادە.

«كَدَأْبِ آلِ فِرْعَوْنَ وَالَّذِينَ مِنْ قَبْلِهِمْ كَذَّبُوا بِآيَاتِنَا» «قۇرئان»: (بۇ كۇففارلارنىڭ ھالى) پىرئەۋن تەۋەلىرىنىڭ ۋە ئۇلاردىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ ھالىغا ئوخشايدۇ، ئۇلار بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى يالغانغا چىقاردى.

«مَا زَالَ الْإِخْلَاصُ دَأْبَكَ»: سەمىمىيلىك سېنىڭ ئادىتىڭ بولۇپ كەلدى.

دَأَبٌ: ئۈزۈلدۈرمەي، توختاتماي، داۋاملىق.

«قَالَ تَزْرَعُونَ سَبْعَ سِنِينَ دَأَبًا» «قۇرئان»: يۇسۇف ئېيتتى: « يەتتە يىل ئۈزۈلدۈرمەي

تېرىقچىلىق قىلمىغلار . . . » .

عَلَى دَأْبِكَ: سېنىڭ ئادىتىڭ بويىچە.

دَأْدَأَ يُدَأْدِأُ دَأْدَأَةً: ئۇچقاندەك يۈگۈردى، ئۇچقاندەك چاپتى.

دَأْدَأَةُ مِنَ اللَّيَالِي ج دَآدِئُ: زۇلمەت، قاراڭغۇ كېچە، تۈن.

دَأْمَاءُ: دېڭىز.

دُؤُوبٌ: قەتئىي، چىڭ، چىدىغۇچى، چىداملىق، داۋاملاشتۇرغۇچى.

دَأَى يَدْأُو ويَدْأَى دَأْوًا وَ دَأْيًا: ئالدىدى، ھىيلە-مىكىر قىلدى، ھەييارلىق قىلدى.

دَأَى الذِّئْبُ لِلصَّيْدِ: بۆرە ئوۋنى ئالداش ئۈچۈن چاندۇرماي ماڭدى.

دَبَاةٌ ج دَبًى: چېكەتكە لىچىنكىسى.

دُبَارَةٌ: چېگە شوينا، چېگە يىپ؛ ئالدامچىلىق.

دِبَاغٌ: تېرە ئاشلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان خۇرۇچ.

دِبَاغَةٌ: تېرە ئېيلەش ھۈنىرى.

دُبَالٌ: ئوغۇت، قىغ.

دَبَّ يَدِبُّ دَبًّا و دَبِيبًا الشَّيْخُ: بوۋاي ئاستا ماڭدى.

«دَبَّ الشَّرَابُ فِي عُرُوقِهِ» : تومۇرلىرىدا شاراب تەسىرىنى كۆرسەتتى.

دَبَّ فِي أَحْشَائِهَا: ھامىلە مىدىرلىدى (قورساقتا).

دَبَّ فِي الشَّيْءِ: تارالدى، يېيىلىپ كەتتى، يامراپ كەتتى.

دَبَّ يَدَبُّ دَبًّا و دَبَبَانًا وَ دَبَّانًا الْحَيَوَانُ: ھايۋان يۇڭلۇق بولدى، تۈكلۈك بولدى.

دَبَّ فِي نَفْسِهِ: كۆڭلىگە كىرىۋالدى.

دَبَّ الْخِلَافُ بَيْنَهُمْ: ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىختىلاپ يۈز بەردى.

دَبَّ الشِّقَاقُ بَيْنَهُمْ: ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىختىلاپ يۈز بەردى، دەتالاش بولدى، ماجىرا تۇغۇلدى.

أَكْذَبُ مَنْ دَبَّ وَدَرَجَ: ئۇچىغا چىققان يالغانچى.

دَبَّ فِيهِ الْفَسَادُ: چىرىدى ، سېسىدى.

دَبَّ بَيْنَ الْقَوْمِ بِالنَّمَائِمِ: سۇخەنچىلىك قىلدى.

دَبَّ الرَّجُلُ عَلَى الْعَصَى: ھاسىغا چۆشۈپ قالدى.

دَبَّتِ الْحَيَاةُ فِي جَسَدِهِ: ئۇنىڭغا جان كىردى.

دَبَّتْ عَقَارِبُهُ: ئۇنىڭ تۆھمىتى ئېقىپ قالدى.

دُبٌّ ج دِبَابٌ و أَدْبَابٌ و دِبَبَةٌ: ئېيىق.

اَلدُّبُّ الْأَصْغَرُ: كىچىك ئېيىق يۇلتۇزلار تۈركۈمى.

اَلدُّبُّ الْأَكْبَرُ: چوڭ ئېيىق يۇلتۇزلار تۈركۈمى.

شَجَرَةُ الدُّبِّ: دولانا دەرىخى، دوب دەرىخى.

مِنْ شَبٍّ إِلَى دُبٍّ: كىچىكىدىن تارتىپ قېرىغىچە.

دَبَّابَةٌ ج دَبَّابَاتٌ: قەدىمكى زاماندا ئىشلىتىلگەن ھەربىي قورال؛ تانكا؛ ئۆمىلىگۈچىلەر.

دَبَّاسٌ: شىرنىچى، شىرنە ساتقۇچى.

دَبَّاسَةٌ ج دَبَّاسَاتٌ: تۈپلىگۈچ، مىتلىغۇچ.

اَلدَّبَّاغُ: تېرىچى، تېرە ئاشلىغۇچى.

دُبَّانٌ: چىۋىن.

دَبَّبَ يُدَبِّبُ تَدْبِيبًا الصَّائِغُ قِطْعَةَ الْحَدِيدِ: ھۈنەرۋەن تۆمۈرنىڭ ئۇچىنى ئۇچلىدى.

دَبَّجَ يُدَبِّجُ تَدْبِيجًا الشَّيْءَ: بېزىدى، زىننەتلىدى، تۈزىدى.

دَبَّرَ يُدَبِّرُ تَدْبِيرًا الْأَمْرَ: ئىشنى ئويلىنىپ قىلدى.

دَبَّرَ الْحَاكِمُ أَمْرَ الرَّعِيَّةِ: ھاكىمىيەت ئۈستىدىكى ئادەم يۇرتنى ئوبدان سورىدى.

«يُدَبِّرُ الْأَمْرَ مِنَ السَّمَاءِ وَالْأَرْضِ» (قۇرئان) : ئاللاھ ئاسماندىن - زېمىنغىچە بولغان (مەخلۇقاتنىڭ) ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىپ تۇرىدۇ.

دَبَّرَ تَكَالِيفَ الْعَمَلِيَّةِ: سەپەر خىراجىتىنى تېجىدى.

دَبَّرَ السَّيِّدُ عَبْدَهُ: خوجىسى قۇلنىڭ ئۆزى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئازاد بولىدىغانلىقىنى بېكىتتى.

دَبَّرَ الشَّخْصُ: راسخوتنى تېجىدى.

دَبَّرَ مُؤَامَرَةً: سۇيىقەست پىلانلىدى.

دَبَّرَ مَكِيدَةً: سۇيىقەست پىلانلىدى، ھىيلە ئىشلەتتى.

«سَتَكُونُ عَاقِبَةُ هَؤُلاَءِالَّذِينَ يُدَبِّرُونَ الْمُؤَامِرَاتِ وَالْمَكَايِدَ وَخِيمَةً فِي النِّهَايَةِ» : بۇ سۇيىقەستچىلەر ئاخىرى ياخشى ئاقىۋەتكە قالمايدۇ.

دَبَّرَ فِي الْمَالِ: پۇل ـ مالنى ئىقتىساد قىلدى، تېجىدى، پىلانلىق خەجلىدى، تېجەشلىك ئىشلەتتى.

دَبَّرَ تُهْمَةً: بوھتان چاپلىدى، قارا چاپلىدى.

دَبَّرَ خُطَّةً: پىلانلىدى، لايىھىلىدى، پىلان تۈزدى.

أَمْرٌ دُبِّرَ بِلَيْلٍ: يوشۇرۇن پىلانلانغان ئىش.

دَبَّسَ يُدَبِّسُ تَدْبِيسًا: يوشۇردى.

دَبَّسَ الْعِنَبَ: ئۈزۈم پىشىپ مەي باغلاپ كەتتى.

دَبَّسَ الثَّوْبَ: كىيىم تىكتى.

دَبَّسَ الْوَرَقَ أَوِ الْكِتَابَ: ۋاراقنى ياكى كىتابنى مىخلىدى.

دَبَّقَ يُدَبِّقُ تَدْبِيقًا: چاپلىدى، يېپىشتۇردى.

دَبَّقَ الطَّيْرَ: قۇشنى يېلىم بىلەن تۇتتى.

دَبَّقَ عَلَى: ئېرىشتى، تاپتى.

دَبَّكَ يُدَبِّكُ تَدْبِيكًا: ئۇسسۇل ئوينىدى، دەپسەپ ئوينىدى، تانسا ئوينىدى.

دَبُّورٌ ج دَبَابِيرُ: سېرىق ھەرە؛ نۇسخا؛ مۇناسىۋەت؛ چارە ـ تەدبىر؛ يوروش؛ تۇتۇش.

دَبُّورَةٌ: يۇلتۇز.

دَبُّوسٌ ج دَبَابِيسُ: ئىلگەك؛ قاداق، بۇلاپكا؛ كونۇپكا؛ قالپاقلىق مىخ؛ يىڭنە مىخ.

دَبُّوسُ إِبْرَةٍ : يىڭنە مىخ.

دَبُّوسُ رَسْمٍ: قالپاقلىق مىخ.

دَبُّوسُ رَبْطَةِ رَقَبَةٍ: گالستۇك قىسقۇچ.

دَبُّوسُ شَعْرٍ: تورگۇچ، چاچ قىسقۇچ.

دَبُّوسُ الْغَسِيلِ: كىيىم ئاسقۇچ.

دُبِّيٌّ: ئېيىقسىمان، ئېيىققا ئائىت.

دَبَجَ يَدْبُجُ دَبْجًا الشَّيْءَ: نەرسىنى زىننەتلىدى، بېزىدى.

دَبَجَ الْمَطَرُ الأَرْضَ: يامغۇر زېمىننى سۇغۇرۇپ يېشىللىزارلىققا ئايلاندۇردى.

دَبْدَبَ يُدَبْدِبُ دَبْدَبَةً الشَّخْصُ: سۇرىن سالدى، چۇقان سالدى.

دَبْدَبَ الْحَافِرُ: تۇياق ئاۋاز چىقاردى.

دَبْدَبَ بِرِجْلِهِ: پۇتىنى يەرگە ئۇردى.

دَبْدَبَةٌ: ئاياغ تىۋىشى؛ ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازى.

دَبَرَ يَدْبُرُ دَبْرًا و دُبُورًا الرَّجُلُ: قاچتى، داجىدى، چېكىندى، يۈز ئۆرۈپ ئارقىنى قىلدى.

دَبَرَ النَّهَارُ أوالشَّيْفُ: كۈندۈز ياكى ياز ئۆتۈپ كەتتى، ئۆتتى.

دَبَرَ فُلاَنٌ: قېرىپ كەتتى، ئۆلدى.

دَبِرَفُلاَنًا: ئەگىشىپ ماڭدى.

دَبَرَتِ الرِّيحُ: شامال يۆنىلىشى شەرقتىن غەربكە ئۆزگەردى.

دَبِرَيَدْبَرُدَبَرًاالْحَيَوَانُ: سېرىق ھەرە چېقىۋالدى.

دَبْرٌ: سېرىق ھەرە.

جَعَلَ كَلاَمَهُ دَبْرَ أُذُنَيْهِ: قۇلاق سالمىدى، قۇلىقىنى يوپۇرۇۋالدى، ئاڭلىماسلىققا سالدى.

دُبْرٌ ج أَدْبَارٌ: مەقئەت؛ ساغرا؛ قۇيرۇق؛ كاساڭ؛ ئارقا تەرەپ، ئارقىسى، كەينى.

«وَ مِنَ اللَّيْلِ فَسَبِّحْهُ وَأَدْبَارَ السُّجُودِ» «قرآن» : كېچە ۋە سەجدىدىن كېيىن (يەنى پەرز نامازلارنىڭ ئارقىسىدا) تەسبىھ ئېيتقىن.

دُبُرُ الشَّهْرِ: ئاي ئاخىرىسى.

دُبُرُ الْبَيْتِ: ئۆينىڭ ئارقىسى.

وَلَّى دُبُرَهُ: چېكىندى، قاچتى.

أَلْقَى دُبُرَ أُذُنَيْهِ بِنَصَائِحَ: قۇلىقىنى يوپۇرۇۋالدى، قۇلاق سالمىدى، ئاڭلىماسلىققا سالدى.

مِنْ دُبُرٍ: ئارقىدىن، كەينىدىن.

«وَقَدَّتْ قَمِيصَهُ مِنْ دُبُرٍ » «قرآن» : كۆڭلىكىنى ئارقىسىدىن تارتىپ يىرتىۋەتتى.

فِي دُبُرِهِ: ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، ئارقىسىدىن.

دِبْرٌ ج أَدْبُرٌ وَدُبُورٌ: سېرىق ھەرىلەر توپى؛ چېكەتكە لىچىنكىلىرى.

دَبْرَةٌ ج دِبَارٌ: مەغلۇبىيەت، ئاقىۋەت، نەتىجە.

دِبْسٌ: شىرنە، خورما شىرنىسى، خورما شەربىتى.

دُبْسَةٌ: جىگەر رەڭ، زىغىر رەڭ.

دَبَسَ يَدْبُسُ دَبْسًا الشَّيْءَ: پوستىنى سويدى.

دَبَسَ الطَّعَامَ: تاماقلاندى.

دَبَشٌ ج أَدْبَاشٌ: كېرەكسىز نەرسە؛ تاشلاندۇق نەرسە؛ ئۆي سايمانلىرى؛ ئۆينىڭ كېرەكسىز نەرسىلىرى، تاشلاندۇق، ئەخلەت.

دَبْشٌ: قورام تاش.

دَبَغَ يَدْبَغُ و يَدْبِغُ و يَدْبُغُ دَبْغًا و دِبَاغَةً الْجِلْدَ: تېرىنى ئېيلىدى، ئاشلىدى.

دَبَغَ يَدْبَغُ و يَدْبِغُ و يَدْبُغُ دِبَاغَةَ الْكَلَامِ: سۆزنى بېزىدى، سۆزنى چىرايلىق قىلدى.

دَبِقَ يَدْبَقُ دَبَقًا بِهِ: يېپىشتۇردى، چاپلىدى.

دَبَقَ يَدْبِقُ دَبْقًا الطَّيْرَ: يېلىم بىلەن قۇش تۇتتى.

دِبْقٌ: قۇش تۇتۇش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان بىر خىل يېلىم.

دَبِقٌ: چاپلىشاڭغۇ، يېپىشقاق، چاپلاشقاق.

دَبَكَ يَدْبُكُ دَبْكًا: ئۇسسۇل ئوينىدى، دېسكو ئوينىدى، تانسا ئوينىدى.

دَبْكَةٌ: بەزى ئەرەب ئەللىرىدە ئومۇملاشقان بىر خىل خەلق ئۇسسۇلى.

دَبْكَةٌ: شاۋقۇن - سۈرەن.

دَبَلَ يَدْبُلُ دَبْلاً الْأَرْضَ: يەرگە ئوغۇت بەردى، ئوغۇتلىدى.

دَبَلَتْهُ الدُّبُولُ: ئاپەتكە ئۇچرىدى.

دَبِلَ يَدْبَلُ دَبَلاً الرَّجُلُ: سەمرىدى.

دَبْلٌ ج دُبُولٌ: لىمغا تۆگۈنى يالىلۇغى.

دُبْلَةٌ ج دُبَلٌ: بىر پارچە، بىر توپ؛ ئۈزۈك.

دَبْلَجَ يُدَبْلِجُ دَبْلَجَةً الْفِلْمَ: كىنو تەرجىمە قىلدى.

دِبْلُومَاسِيٌّ: دىپلوماتىك، دىپلوماتىيە.

«قَطَعَ الْعَلَاقَاتِ الدِّبْلُومَاسِيَّةَ»: دىپلوماتىك ئالاقىنى ئۈزدى.

اَلسِّلْكُ الدِّبْلُومَاسِيُّ: دىپلوماتىيە ساھەدىكىلەر.

«إِنَّهُ يَسْتَخْدِمُ دِبْلُومَاسِيَّتَهُ لِتَحْقِيقِ أَهْدَافِهِ»: غەرىزىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن دىپلوماتىك ھۈنىرىنى ئىشقا سالماقتا.

اَلْحَقِيبَةُ الدِّبْلُومَاسِيَّةُ: دىپلوماتىيە چامادانى.

دَبُورٌ: غەرب شامىلى.

دَبِيبٌ: ئۆمىلەش، مىدىرلاش، ئۆمىلەپ ماڭغۇچى، ئاستا ماڭغۇچى.

«إِنَّ اللّٰهَ يَسْمَعُ دَبِيبَ النَّمْلَةِ السَّوْدَاءِ فِي اللَّيْلَةِ الظَّلْمَاءِ عَلَى الصَّخْرَةِ الصَّمَّاءِ» «قرآن»: شۈبھىسىزكى، ئاللاھ قاراڭغۇ تۈندە قارا تاشنىڭ ئۈستىدە قارا چۈمۈلىنىڭ مىدىرلىشىنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ.

دَبِيرٌ: ئاخىرىدىكى ئورۇن.

دِثَارٌ ج دُثُرٌ: يېپىنچا، يوتقان، ئەدىيال؛ چاپان.

دَثَّ يَدُثُّ دَثًّا السَّمَاءُ: سىم - سىم يامغۇر ياغدى.

دَثَّ الْحُمَّى فُلَانًا: قىزىتما ئاغرىتتى.

دَثٌّ ج دِثَاثٌ: سىم - سىم يامغۇر.

دُثَّةٌ ج دُثَثٌ: ئاددى زۇكام، يېنىك زۇكام.

دَثَّرَ يُدَثِّرُ تَدْثِيرًا الطَّائِرُ: قۇش ئۇۋا ياسىدى، چاڭگا تىزدى.

دُثَّرَةٌ: ئۇنىڭغا تون كىيگۈزدى، تون، رىدا قاتارلىقلار بىلەن يۆگىدى.

«كَانَ إِذَا نَزَلَ عَلَيْهِ الْوَحْيُ يَقُولُ «دَثِّرُونِي دَثِّرُونِي» «حديث»: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى نازىل بولۇۋاتقاندا مېنى يۆگەپ قويۇڭلار، يۆگەپ قويۇڭلار دەيتتى.

دَثَرَ يَدْثُرُ دُثُورًا الْمَنْزِلُ: تۇرالغۇنىڭ ئىزى ئۆچتى، ئىزى يوقالدى.

دَثَرَ السَّيْفُ: قىلىچ داتلىشىپ قالدى.

«اَلْقَلْبُ يَدْثُرُ كَمَا يَدْثُرُ السَّيْفُ فَجِلَاؤُهُ ذِكْرُ اللّٰهِ» «حديث»: دىل بولسا قىلىچ داتلىشىپ قالغاندەك داتلىشىپ قالىدۇ، ئاللاھنىڭ زىكرى ئارقىلىق دىل پارقىرايدۇ.

دَثَرَ الرَّجُلُ: يېشى چوڭايدى، قېرىدى.

دَثَّرَ الشَّجَرُ: دەرەخ ياپراق چىقاردى، شاخلىدى.

دَثَرَتِ النُّفُوسُ: نوپۇس كۆپەيدى.

دَثْرٌ ج دُثُورٌ: بايلىق، مال ـ مۈلۈك، بايلىق مەنبەسى؛ غەپلەتتە قالغۇچى، غاپىل بولغۇچى.

دَثُورٌ: ھۇرۇن، ئىش خۇشياقماس؛ نامسىز.

دُثُورٌ: يوقالماق، مۇنقەرز بولماق، ھالاك بولماق.

دَجَا يَدْجُو دَجْوًا وَ دُجُوًّا اللَّيْلُ: كېچە قاراڭغۇلاشتى، قاراڭغۇ چۈشتى.

دَجَا عَلَيْهِ الثَّوْبُ: ئۇنىڭغا كىيىم كەڭ كەلدى.

دَجَا الشَّيْءُ: مۇكەممەللەشتى.

دَجَا السَّحَابُ: بۇلۇت تارالدى.

دَجَاجٌ: توخۇ.

دَجَاجٌ رُومِيٌّ: كۈركە توخۇ.

دَجَاجُ الْهِنْدِ: كۈركە توخۇ.

دَجَاجَةٌ: مېكىيان.

دَجَاجَةُ فِرْعَوْنَ: چىپار توخۇ.

دَجَاجِيٌّ: توخۇچى.

دَجَالٌ: ھەل، ئالتۇن سۈيى؛ گەندە، سۈيدۈك.

دَجَّ يَدِجُّ دَجًّا وَ دَجِيجًا: ئېغىر قەدەملەر بىلەن ماڭدى.

دَجَّ اللَّيْلُ: كېچە قاراڭغۇلاشتى.

دَجَّ الْبَيْتُ: ئۆگزىدىن سۇ تامچىلايدىغان بولۇپ قالدى.

دَجَّ السِّتْرَ: پەردىنى چۈشۈردى، تارتتى، ساڭگىلاتتى.

دُجٌّ: سۇرەتقاش (بىر خىل قۇش)

دَجَّالٌ ج دَجَاجِلَةٌ و دَجَّالُونَ: يالغانچى، كاززاپ، ئالدامچى، پوچى؛ پالچى، رەممال، ساختىپەز؛ دەججال.

طَبِيبٌ دَجَّالٌ: ساختا دوختۇر، ئالدامچى تېۋىپ.

اَلْمَسِيحُ الدَّجَّالُ: دەججال.

دُجَّةٌ: قاپقاراڭغۇ، زۇلمەت.

دُجَّةٌ ج دُجَّاتٌ وَدُجَجٌ: كۆڭلەكنىڭ تۈگمىسى.

دَجَّجَ يُدَجِّجُ تَدْجِيجًا الْجَيْشَ: قوشۇننى قوراللاندۇردى، ساۋۇت، دۇبۇلغا كىيدۈردى.

دَجَّلَ يُدَجِّلُ تَدْجِيلاً الشَّخْصَ: ئالدامچىلىق قىلدى، كۆز بويامچىلىق قىلدى.

دَجَّلَ الْأَرْضَ: يەرنى ئوغۇتلىدى.

دَجَّلَ عَلَيْهِ: ئالدىدى.

دَجَّنَ يُدَجِّنُ تَدْجِينًا الْحَيَوَانَ: ھايۋاننى كۆندۈردى، ھايۋاننى ئۆگەتتى.

دَجْدَاجٌ: قارا نەرسە، قاراڭغۇ، زۇلمەتلىك.

دَجْدَجَ يُدَجْدِجُ دَجْدَجَةً اللَّيْلُ: كېچە قاراڭغۇلاشتى.

دَجْدَجَ بِالدَّجَاجَةِ: مېكىياننى ھەيدىۋەتتى.

دَجِرَ يَدْجَرُ دَجَرًا: تەڭلىكتە قالدى، چارىسىز قالدى، قىيىن ئەھۋالدا قالدى.

دَجَلَ يَدْجُلُ دَجْلاً الشَّخْصُ: يالغانچىلىق قىلدى، ئالدامچىلىق قىلدى، كۆز بويامچىلىق قىلدى.

دِجْلَةُ: دىجلە دەرياسى.

دَجَمَ يَدْجُمُ دَجْمًا و دُجْمَةً اللَّيلُ: كېچە قاراڭغۇلاشتى، كېچىنى زۇلمەت باستى.

دَجِمَ يَدْجَمُ دَجْمًا: قايغۇردى، غەم قىلدى.

دَجْمٌ ج دُجُومٌ: يېقىن ھەمراھ، يېقىن دوست؛ خۇلق، ئەخلاق.

اَلدَّجْمُ: قاراڭغۇلاشماق، زۇلمەت باسماق؛ تۈر، خىل.

دُجْمَةٌ ج دُجَمٌ: زۇلمەت، قاراڭغۇلۇق؛ يول.

دَجَنَ يَدْجُنُ دَجْنًا و دُجُونًا بِالْمَكَانِ: تۇردى، ماكانلاشتى.

دَجَنَ الْيَوْمُ : كۈن تۇتۇق ۋە يامغۇرلۇق بولدى.

دَجَنَ اللَّيْلُ: كېچە قارايدى، قاراڭغۇ چۈشتى.

دَجَنَ السَّحَابُ: يامغۇر ياغدۇردى.

دَجْنٌ ج دُجُونٌ و اَدْجَانٌ و دِجَانٌ: كۆپ يامغۇر.

دُجْنَةٌ ج دُجَنٌ و دُجْنَاتٌ: زۇلمەت، قاراڭغۇ.

دُجُنَّةٌ ج دُجُنَّاتٌ: قاراڭغۇلۇق، زۇلمەت، قاراڭغۇ.

دَجُوجِي ج دَيَاجِيجُ: قاراڭغۇ كېچە.

دُجى و دُجْيَةٌ: قاراڭغۇلۇق.

دُجَى اللَّيْلِ: كېچە قاراڭغۇلۇقى.

بَدْرُ الدُّجَى: ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئاي.

«هِيَ أَجْمَلُ مِنْ بَدْرِ الدُّجَى»: ئۇ ئون تۆت كۈنلۈك ئايدىنمۇ چىرايلىق.

دَجِيٌّ: قاراڭغۇلۇق، قاراڭغۇ، زۇلمەت.

دَحَا يَدْحُوويَدْحَادَحْوًا اللّٰهُ الْأَرْضَ: ئاللاھ تائالا زېمىننى ياىدى.

«وَالْأَرْضَ بَعْدَ ذٰلِكَ دَحَاهَا» (قرآن): شۇنىڭدىن كېيىن زېمىننى (ئەھلى زېمىننىڭ تۇرۇۋشىغا لايىق قىلىپ) ياىدى.

دُحَادِحٌ: سېمىز ھەم پاكار، دۇغلاق، دىقماق.

دَحَادِيرُ: يانتۇ، قىيپاش، يانباغىر، يانتۇلۇق، قىيپاشلىق.

دُحَاسٌ: سەينۇگە.

دِحَاسٌ: قىستاڭچىلىق.

اَلدِّحَاسُ مِنَ الْبُيُوتِ: ئادەمى كۆپ ئائىلە.

دَحَّ يَدُحُّ دَحًّا الشَّيْءَ: نەرسىنى كۆمدى.

دَحَّهُ: ئوڭدىسىغا ئىتتىرىۋەتتى، تاشلىۋەتتى، ئالقان بىلەن ئۇردى.

دَحَّ الطَّعَامُ بَطْنَهُ: تويغۇزدى.

دَحَّضَ يُدَحِّضُ تَدْحِيضًا: رەت قىلدى، رەددىيە بەردى.

دَحْدَحٌ: سېمىز ھەم پاكار، دۇغلاق، دىقماق.

دَحْدَرَ يُدَحْدِرُ دَحْدَرَةً الشَّيْءَ أَوِالْحَجَرَ: نەرسىنى ياكى تاشنى يۇمىلاتتى، دومىلاتتى.

دَحْدُورَةٌ: يانتۇ، قىيپاش، يانباغىر، يانتۇلۇق، قىيپاشلىق.

دُحْدَيْرَةٌ: يانتۇ، قىيپاش، يانتۇلۇق، يانباغىرى، قىيپاشلىق.

دَحَرَ يَدْحَرُ دَحْرًا و دُحُورًا: مەغلۇپ قىلدى، يەڭدى، چېكىندۈردى، ھەيدىۋەتتى، قوغلىۋەتتى، يىراقلاشتۇردى.

«اَللّٰهُمَّ ادْحَرْ عَنَّا الشَّيْطَانَ»: ئى ئاللاھ، بىزدىن شەيتاننى يىراق قىلغىن.

«وَيُقْذَفُونَ مِنْ كُلِّ جَانِبٍ دُحُورًا» (قرآن): ئۇلار قوغلىنىش ئۈچۈن ھەر تەرەپتىن ئاققۇچى يۇلتۇزلار بىلەن ئېتىلىدۇ.

دَحْرَجَ يُدَحْرِجُ دَحْرَجَةً الشَّيْءَ: نەرسىنى دومىلاتتى، نەرسىنى يۇمىلاتتى.

دَحِسَ يَدْحَسُ دَحْسًا الْإِصْبَعُ: بارماقتا سەينۇگە (بىر خىل يارا) چىقتى.

دَحَشَ يَدْحَشُ دَحْشًا: كىرگۈزدى، سانجىدى.

دَحَضَ يَدْحَضُ دَحْضًا و دُحُوضًا: رەت قىلدى، رەددىيە بەردى.

دَحَضَتِ الْحُجَّةُ: دەلىل - ئىسپات كارغا كەلمەدى، پاكىتقا رەددىيە بېرىلدى، پاكىت بىكار بولدى.

دَحَضَتْ رِجْلُهُ: پۇتى لايغا پېتىپ كەتتى.

دَحْضٌ: رەددىيە بەرمەك، بىكار قىلىۋەتمەك.

«حُجَّتُكَ لَايُمْكِنُ دَحْضُهَا»: پاكىتىڭنى رەت قىلغىلى بولمايدۇ.

اَلدَّحَضُ ج دِحَاضٌ: تېيىلغاق.

دَحَقَ يَدْحَقُ دَحْقًا و دُحُوقًا الشَّيْءَ: نەرسىنى ئىتتىرىۋەتتى، يىراقلاشتۇرۇۋەتتى، ھەيدىۋەتتى؛ كۆزگە ئىلمىدى، كارى بولمىدى.

دَحَلَ يَدْحَلُ دَحْلًا: ئورىغا كىردى، قۇدۇقنىڭ ئەتراپىنى كولىدى.

دَحَلَ عَنْهُ: ئۇنىڭدىن يىراق بولدى، يوشۇرۇنىۋالدى.

دَحِلَ يَدْحَلُ دَحَلًا: قورسىقى ساڭگىلاپ كەتتى؛ ئالدامچىلىق قىلدى.

اَلدَّحِلُ: قورسىقى ساڭگىلاپ كەتكەن، سېمىز، پاكىنەك، دىقماق؛ ئالدامچى.

اَلدَّحْلُ ج دِحَالٌ و أَدْحَالٌ وَأَدْحُلٌ وَدُحُولٌ و دُحْلَانٌ: ئاغزى كىچىك، ئاستى كەڭ ئورا.

اَلدَّحْلَاءُ ج دُحْلٌ: ئاغزى تار قۇدۇق.

اَلدَّحْلَةُ: ئاغزى تار قۇدۇق.

دَحَمَ يَدْحَمُ دَحْمًا: قاتتىق ئىتتەردى.

اَلدَّحْمُ: تۈپى، يىلتىزى، ئەسلى، ئاساسى؛ ئوخشىشى.

اَلدُّحُورُ: ئىتتىرىۋەتكۈچى، قوغلىۋەتكۈچى، يىراقلاشتۇرغۇچى.

دُحُوضٌ: رەددىيە بەرمەك، بىكار قىلىنغۇتمەك.

اَلدَّحُولُ: ئاغزى كىچىك قۇدۇق.

دَحَى يَدْحَى دَحْيًا اللّٰهُ الْأَرْضَ: ئاللاھ تائالا زېمىننى يايدى.

اَلدَّحْيَةُ: مايمۇن.

اَلدِّحْيَةُ: ئەسكەر باشلىقى.

دُحَيْدَحَةٌ: سېمىز ھەم پاكار، دۇغلاق، دىقماق.

الدَّحِيقُ: يىراق، يىراقلاشتۇرۇلغان.

دَحِيقُ الْقَوْمِ: قەۋم تەرىپىدىن قوغلاندى قىلىنغان.

دُخَانٌ: تۈتەك، ئىس، تۈتۈن؛ موخوركا، تاماكا؛ پار، ھور.

«فَارْتَقِبْ يَوْمَ تَأْتِي السَّمَاءُ بِدُخَانٍ مُبِينٍ» «قۇرئان» : (ئى مۇھەممەد!) سەن ئاسمان (ھەممە ئادەم) ئوچۇق (كۆرىدىغان) تۈتۈننى كەلتۈرىدىغان كۈندە (ئۇلارغا بولىدىغان ئازابنى) كۈتكىن.

«اَلدُّخَانُ فِي الْغُرْفَةِ كَثِيفٌ جِدًّا حَتَّى أَنَّنِي شَعَرْتُ بِأَنَّ صَدْرِي قَدْ ضَاقَ كَثِيراً» : تۈتۈن ئۆيىنى بىر ئالدى، ھەتتا نەپەسىم سىقىلىغاندەك بولۇۋاتىمەن.

دَخٌّ: تۈتۈن، ئىس.

دُخٌّ: تۈتۈن، ئىس.

دَخَّلَ يُدَخِّلُ تَدْخِيلاً الشَّيْءَ فِي الشَّيْءِ : كىرىشتۈردى.

دَخَّنَ يُدَخِّنُ تَدْخِينًا الشَّخْصُ التَّبْغَ: تاماكا چەكتى.

دَخَّنَ الشَّجَرَ: دەرەخنى ئىسلىدى.

دَخَّنَتِ النَّارُ: ئىس چىقىپ ئۆرلىدى، ئىس - تۈتەك ئۆرلىدى.

دَخَرَ يَدْخَرُ دُخُورًا الشَّخْصُ: خار بولدى، پەس بولدى، خورلاندى.

دَخَسَ يَدْخَسُ دَخْسًا الشَّيْءَ فِي الشَّيْءِ: كىرىشتۈردى.

دَخَسَ يَدْخُسُ دُخُوسًا : سەمرىدى.

دُخَسٌ: دېڭىز دېلفىنى.

دَخَلَ يَدْخُلُ دُخُولاً الدَّارَ: ھويلىغا كىردى، داخىل بولدى.

«وَدَخَلَ مَعَهُ السِّجْنَ فَتَيَانِ» «قۇرئان» : زىندانغا يۈسۈف بىلەن ئىككى يىگىت بىللە كىرگەندى.

دَخَلَ بِهِ: باشلىدى، ئېلىپ كىردى.

دَخَلَ الشَّخْصُ النَّقَّاشَ: مۇھاكىمىگە، دەتالاشقا قاتناشتى.

دَخَلَ فِي الْأَمْرِ: ئىشقا ئارىلاشتى، قاتناشتى.

دَخَلَ عَلَيْهِ: ئۇنى زىيارەت قىلدى، ئۇنىڭ ئالدىغا كىردى.

دَخَلَ الْجَيْشُ الْحَرْبَ: ئارمىيە ئۇرۇشقا قاتناشتى.

دَخَلَ وَقْتُ الصَّلاَةِ: نامازنىڭ ۋاقتى كىردى.

دَخَلَ عَلَى زَوْجَتِهِ: ئايالى بىلەن بىر يەردە بولدى، ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولدى.

دَخَلَ عَلَى عَامِهِ الْعَاشِرِ: ئون ياشقا كىرىپ قالدى.

دَخَلَ بِلاَاِسْتِئْذَانٍ: ئۇسۇپ كىردى.

دَخَلَ الشَّخْصُ الْخِدْمَةَ: خىزمەتكە قاتناشتى.

دَخَلَ ضِمْنَ كَذَا: ... نى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

دَخَلَ الْوَلَدُ الْمَدْرَسَةَ: بالا مەكتەپكە تىزىملاتتى.

دَخَلَهُ الشَّكُّ: ئۇنىڭغا شەك چۈشتى، گۇمان چۈشتى.

«دَخَلَ عَلَى الْقَانُونِ تَعْدِيلٌ» : قانۇننىڭ بەزى جايلىرىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلدى.

دَخَلَ فِي الدِّينِ: دىنغا كىردى، دىننى قوبۇل قىلدى.

دَخَلَ عَلَيْهِ الْمَكَانَ: ئۇنىڭدىن كېيىن كىردى.

دَخَلَ فِي عِدَادِ الْمَفْقُودِينَ: يوقالغانلارنىڭ قاتارىغا كىردى.

دَخَلَ فِي الْمَوْضُوعِ: ئاساسىي تېمىغا يۆتكەلدى، ئاساسىي گەپكە يۆتكەلدى.

«دَخَلَ الْأَسَدُ عَرِينَهُ» : شىر ئۇۋىسىغا كىردى.

«دَخَلَ الطُّلاَّبُ مُسَابَقَةً» : ئوقۇغۇچىلار مۇسابىقىگە قاتناشتى.

دَخِلَ يَدْخَلُ دَخَلاً الشَّخْصُ: ئىچىدىن بۇزۇلدى،

ئىچى چىرىپ كەتتى.

دُخِلَ فِي عَقْلِهِ: ئەقلىدىن ئازدى، ئېلىشىپ قالدى.

دَخَلٌ: ئەلۋەللىك، سارائلىق، ئالدامچىلىقنىڭ ۋاستىسى.

«وَلَاتَتَّخِذُوا اَيْمَانَكُمْ دَخَلاً بَيْنَكُمْ» «قرآن»: قەسەملىرىڭلارنى ئۆز ئاراڭلاردا ئالدامچىلىقنىڭ ۋاستىسى قىلىۋالماڭلار.

دَخْلٌ: شەك ـ شۈبھە، گۇمان؛ كىرىم، دارامەت.

اِرْتَفَعَ دَخْلُ الْبِلَادِ: دۆلەت كىرىمى ئۆستى.

ضَرِيْبَةُ الدَّخْلِ: كىرىمدىن ئېلىنىدىغان باج، تاپاۋەت بېجى.

دَخْلٌ شَهْرِيٌّ: ئايلىق كىرىم.

مِنْ ذَوِي الدَّخْلِ الْمَحْدُودِ: كىرىمى چەكلىك كىشىلەر.

اَلدَّخْلُ الْقَوْمِيُّ: مىللىي دارامەت.

لَادَخْلَ لَهُ فِيهِ: ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق.

«كَانَ لَهُ دَخْلٌ فِي هَذَا الأَمْرِ»: بۇ ئىش ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

دِخْلَةٌ. دَخْلَةٌ. دُخْلَةٌ: نىيەت، غەرەز، ئوي.

طَاهِرُ الدِّخْلَةِ: نىيىتى پاك.

لَيْلَةُ الدُّخْلَةِ: توي كېچىسى.

دَخْمَسَ يُدَخْمِسُ دَخْمَسَةً: ئالدىدى، ئالدامچىلىق قىلدى.

دَخْمَسَةٌ: ئالدامچىلىق، مەككارلىق، ھىيلىگەرلىك.

دَخِنَ يَدْخَنُ دَخَنًا الطَّعَامُ: تاماقنا ئىس ئۆتۈپ قالدى، ئىس پۇراپ قالدى.

دَخَنَتِ النَّارُ: تۈتۈن چىقتى، ئىس چىقتى.

دَخَنَتِ الْفِتْنَةُ: پىتنە ـ پاسات پەيىلدى، پىتنە ـ پاسات تارقالدى.

دَخِنَ يَدْخَنُ دَخْنَةً لَوْنُهُ: رەڭگى قارايدى.

دُخْنٌ: تېرىق، سۆك.

دَخَنٌ وَ دَخِنٌ: ئۆچمەنلىك، دۈشمەنلىك، ئاداۋەت.

دُخْنَةٌ ج دُخَنٌ: ئىسرىق سېلىنىدىغان خۇش پۇراق نەرسىلەر؛ قارامتۇل نەرسە؛ دانىخورەك.

دُخُولٌ: كىرمەك، داخىل بولماق، بېسىپ كىرمەك.

اَلدَّخَى: زۇلمەت، قاراڭغۇلۇق.

دَخِيْلٌ ج دُخَلَاءُ: چەت ئەللىك، ياقا يۇرتلۇق، يات، ناتونۇش؛ چەت ئەلدە ئىشلەنگەن، سىرتتىن كەلگەن؛ سىرداش؛ ئىچكى سىر؛ نىيەت؛ كۆڭۈل.

«هُوَ دَخِيلٌ فِي هَذِهِ الْقَبِيلَةِ وَلَيْسَ مِنْهَا فِي الأَصْلِ»: ئۇ بۇ قەبىلىگە سىرتتىن كىرگەن بولۇپ، ئەسلى ئۇ يەرلىك ئەمەس.

«يَجِبُ أَنْ نَتَعَاوَنَ لِطَرْدِ الْمُسْتَعْمِرِ الدَّخِيلِ»: يات مۇستەملىكىچىلىكنى قوغلاپ چىقىرىشتا بىر يەكدىل باش چىقىرايلى!

لَفْظٌ دَخِيْلٌ: چەتتىن كىرگەن تىل، چەتتىن كىرگەن سۆز.

دَاءٌ دَخِيْلٌ: ئىچكى كېسەل.

دَخِيْلَكَ: مەرھەمەت، ئېغىر كۆرمىسىڭىز، خاپا بولمىسىڭىز، ياردەم قىلسىڭىز.

لَاأَعْرِفُ دَخِيلَهُ: ئۇنىڭ ئىچ سىرىنى بىلمەيمەن.

فُلَانٌ دَخِيلُ الأَمِيرِ: پالانى ئەمىرنىڭ سىردىشى.

دَخِيلَةٌ ج دَخَائِلُ: ئىچى، ئىچكى تەرىپى، سىرى.

دَخِيْلَةُ الْمَرْءِ: كىشىنىڭ سىرى، كىشىنىڭ نىيىتى، كىشىنىڭ كۆڭلى، كىشىنىڭ غەرىزى.

دَخِيْلَةُ الأَمْرِ: ئىشنىڭ سىرى، ئىشنىڭ ئىچكى تەرىپى.

أَصْلِحْ دَخِيْلَتَكَ: كۆڭلۈڭنى پاك تۇت.

دَخِيْلَةُ الشَّخْصِ: ئادەمنىڭ ئىچكى تەرىپى، شەخسىيىتىنىڭ سىرى.

كَلِمَةٌ دَخِيْلَةٌ: چەتتىن كىرگەن تىل، چەتتىن كىرگەن سۆز.

دَخَائِلُ الأُمُورِ: ئىچكى ئىشلار، ئىچكى ئەھۋال، ئىچكى ئىچكى.

دَخِينَةٌ: تاماكا، سىگارت، پاپىروس.

دَدٌ: ئويۇن ـ كۈلكە؛ ۋاقىت.

«مَا أَنَا مِنْ دَدٍ وَلَا الدَّدُ مِنِّي» «حديث»: مەن

ئويۇن – كۈلكىگە مەنسۇپ ئەمەس، ئويۇن – كۈلكىمۇ ماڭا مەنسۇپ ئەمەس.

اَلدَّدَانُ: گال قىلىچ، ئىتتىك قىلىچ.

دَدَنٌ: ئويۇن – كۈلكە.

دَرَابْزُون: رىشاتكا، ۋادەك، سالاسۇن.

دَرَابُكَّةٌ: ۋاراڭ – چۇرۇڭ، شاۋقۇن – سۈرەن.

اَلدَّرَّارَةُ: يىك.

دَرَارِيءُ: ئىسمى نامەلۇم چوڭ يۇلتۇزلار، پىلانېتىلار.

دِرَاسٌ: ئۇرۇش؛ سوقۇش.

آلَةُ الْحِصَادِ وَ الدِّرَاسِ: بىرلەشمە كومبايىن.

دِرَاسُ الْحِنْطَةِ: بۇغداي تەپمەك، بۇغداي سوقماق.

آلَةُ الدِّرَاسِ: خامان تېپىش ماشىنىسى.

دِرَاسَةٌ ج دِرَاسَاتٌ: ئوقۇش، ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش.

مَعْهَدُ الدِّرَاسَاتِ الشَّرْقِيَّةِ لِلْمَجْمَعِ الْعِلْمِيِّ: پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرق تەتقىقاتى ئورنى.

دِرَاسِيٌّ: ئوقۇماق، ئوقۇتماق؛ ئۆگىنىشكە ئائىت.

سَنَةٌ دِرَاسِيَّةٌ: ئوقۇش يىلى.

دِرَاكٌ: توختىماي، ئۈزلۈكسىز.

دِرَاكًا: ئارقىمۇ ئارقا، ئۈزلۈكسىز، توختاۋسىز، ئۈلىنىپ.

دِرَايَةٌ: بىلمەك، تونۇماق، سەزمەك.

دَرَأَ يَدْرَأُ دَرْءًا عَنْهُ الْبَلاَءَ: ئۇنىڭدىن بالا – قازانى توستى، قايتۇردى، دەپئى قىلدى، مۇداپىئە قىلدى.

«وَيَدْرَأُونَ بِالْحَسَنَةِ السَّيِّئَةَ أُوْلَئِكَ لَهُمْ عُقْبَى الدَّارِ» «قرآن»: ۋە ياخشىلىقنى ئارقىلىق يامانلىقنى دەپئى قىلىدىغانلار (يەنە بىلمەستىن يامان ئىش قىلىپ قالسا، ئارقىدىن ياخشى ئىش قىلىدىغانلار، يامانلىق قىلغۇچىلارغا كەڭ قورساق بولۇپ، ياخشى مۇناسىۋەتتە بولىدىغانلار) ئەنە شۇلارنىڭ ئاخىرەتلىكى ياخشى بولىدۇ.

دَرَأَ الشَّيْءَ: نەرسىنى يايدى، ئاچتى.

دَرَأَ الْحَائِطَ بِالْبِنَاءِ: تامنى بىناغا چاپلىدى.

دَرَأَ السَّيْلُ عَلَيْهِ: كەلكۈن ئۆزىنى ئۇردى، ئۆزىنى ئاتتى.

دَرَأَ يَدْرَأُ دُرُوؤًا الْبَدْرُ: تولۇن ئاي نۇر چاچتى، ئاي يورىدى.

دَرَأَتِ النَّارُ: ئوت يورىدى.

دَرِبَ يَدْرَبُ دَرَبًا عَلَى الْأَمْرِ: ئادەتلەندى، قىزىقتى، ھەۋەس قىلىپ پۇختا ئىگىلىدى.

دَرِبَ بِهِ: مەشىق قىلدى، چېنىقتى.

دَرْبٌ ج دُرُوبٌ: چىغىر يول، تاغ يولى.

«مَنْ سَارَ عَلَى الدَّرْبِ وَصَلَ» «مثل»: مېڭىۋەرگەن ئادەم نىشانغا يەتمەي قالمايدۇ.

دَرِبٌ ج دَرِبُونَ: ئۇستا، ماھىر.

دِرْبَاسٌ ج دَرَابِيسُ: غالجىر ئىت.

دُرْبَةٌ: پىششىق، پۇختا، مەلىكىلىك.

دَرْبَزِين: رىشاتكا، ۋادەك، سالاسۇن.

دَرْبَسَ يُدَرْبِسُ دَرْبَسَةً الْبَابَ: ئىشىكنى تاقىدى.

دَرْبَكَةٌ: ۋاراڭ – چۇرۇڭ، شاۋقۇن – سۈرەن.

دَرَجَ يَدْرُجُ و يَدْرِجُ دُرُوجًا وَ دَرَجَانًا الصَّبِيُّ: كىچىكلەك بالا ماڭدى، ئايىغى چىقتى.

دَرَجَ الشَّيْخُ: بوۋاي ئاستا ماڭدى.

دَرَجَ الْقَوْمُ: قەۋم تۈگىدى، مۇنقەرز بولدى؛ دەرىجىمۇ دەرىجە ئۆرلىدى.

دَرَجَ الْأَمْرُ: ئىش تارقالدى، يېيىلىپ كەتتى.

دَرَجَ الزِّيُّ: مودا بولدى، مودا (پوسۇن) تارقالدى، ھۆكۈم سۈردى.

دَرَجَ عَلَى فِعْلِ كَذَا: ئىش قىلىشقا كۆندى.

دَرَجَ فُلاَنٌ: كىيتىپ قالدى.

دَرَجَتِ الرِّيحُ: مەيىن شامال چىقتى.

دَرَجَ يَدْرُجُ يَدْرِجُ دَرْجًا الثَّوْبَ: كىيىمنى قاتلىدى.

«أَكْذَبُ مَنْ دَبَّ وَدَرَجَ» «مثل»: ئۆچىغا چىققان يالغانچى.

دَرَجَ الشَّيْءَ فِي الشَّيْءِ: كىرىشتۈردى.

دَرْجٌ ج دُرُوجٌ: ئورالغان نەرسە، يۆگەلگەن نەرسە.

فِي دَرْجِ الْكَلَامِ: سۆز جەريانىدا.

فِي دَرْجِ الْكِتَابِ: كىتابنىڭ ئىچىدە.

دَرْجٌ ج أَدْرَاجٌ و دِرَاجٌ: شوتا، پەلەمپەي، باسقۇچ.

دَرَجُ السَّيْلِ: كەلكۈننىڭ يۈلىنىش يولى.

ذَهَبَ عَمَلُهُ أَدْرَاجَ الرِّيَاحِ: مەغلۇپ بولدى، پۈتۈنلەي نەتىجىسىز قالدى، بىكار كەتتى.

ذَهَبَتِ الْجُهُودُ أَدْرَاجَ الرِّيَاحِ: تىرىشچانلىق بىكار كەتتى، قۇرۇق ئاۋارىچىلىق بولدى.

رَجَعَ أَدْرَاجَهُ: كەلگەن يولى بىلەن ياندى.

«وَلَّى الْمُهَاجِرُونَ أَدْرَاجَهُمْ»: مۇھاجىرلار قايتتى.

دَرَجٌ ج دُرُوجٌ: شوتا.

دَرَجٌ لَوْلَبِيٌّ: ئايلانما پەلەمپەي.

دُرْجٌ ج أَدْرَاجٌ: تارتما.

وَضَعْتُ كِتَابِي عَلَى الدُّرْجِ: كىتابىمنى تارتمىغا سېلىپ قويدۇم.

دَرَجَةٌ ج دَرَجَاتٌ: شوتا، پەلەمپەي، شوتىنىڭ ۋاخشىسى (بالدىقى)، پەلەمپەينىڭ باسقۇچى؛ دەرىجە.

«فَضَّلَ اللّٰهُ الْمُجَاهِدِينَ بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ عَلَى الْقَاعِدِينَ دَرَجَةً» «قرآن»: ئاللاھ ماللىرى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلارنى جىھادقا چىقمىغانلاردىن بىر دەرىجە ئۈستۈن قىلدى.

أَوَّلُ دَرَجَةٍ: بىرىنچى دەرىجە.

دَرَجَةٌ أُولَى: بىرىنچى دەرىجە، ئالدىنقى دەرىجە ۋە ئورۇن.

«نَجَحَ بِدَرَجَةٍ جَيِّدٍ»: ياخشى نومۇر ئالدى.

مُعَادَلَةٌ مِنَ الدَّرَجَةِ الْأُولَى: بىرىنچى دەرىجىلىك تەڭلىمە.

دَرَجَةُ الْإِنْصِهَارِ: ئېرىش دەرىجىسى.

دَرَجَةٌ جَامِعِيَّةٌ: ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ ئىلمىي ئۇنۋانى.

دَرَجَةُ الدُّكْتُورَاهْ: دوكتورلۇق ئۇنۋانى.

بِدَرَجَةٍ كَبِيرَةٍ: زور دەرىجىدە.

دَرَجَةُ الْحَرَارَةِ: تېمپېراتۇرا، ئىسسىقلىق دەرىجىسى.

دَرَجَةُ الطُّولِ: ئۇزۇنلۇقى، مېرىدىئان.

دَرَجَةٌ مَالِيَّةٌ: مائاش دەرىجىسى.

دَرَجَةُ الْعَرْضِ: كەڭلىكى.

دَرَجَةُ السَّيْرِ: مېڭىش دەرىجىسى.

دَرَجَةُ الرُّطُوبَةِ: ھاۋانىڭ نەملىك دەرىجىسى.

دَرِدَ يَدْرَدُ دَرَدًا الشَّخْصُ: ھەممە چىشلىرى تۆكۈلۈپ كەتتى.

دَرْدَبِيسٌ: بوۋاي، موماي، ياشانغان ئادەم.

دَرْدَشَ يُدَرْدِشُ دَرْدَشَةً الْقَوْمُ: قىسقىغىنە پاراڭلاشتى.

دَرْدَشَةٌ: جۆيلىمەك، بىلجىرلىماق، قالايمىقان سۆزلىمەك.

«قَطَعَ الْجَالِسُونَ الصَّمْتَ بِبَعْضِ الدَّرْدَشَةِ»: سورۇندىكىلەر ئانچە - مۇنچە پاراڭ بىلەن جىمجىتلىقنى بۇزدى.

دُرْدِيٌّ: دۇغ، ساقىندا، قالدۇق، تىرىپ.

دَرَّ يَدُرُّ و يَدِرُّ دَرًّا الْحَلِيبُ أَوِ الدَّمْعُ أَوِ الْبَوْلُ أَوِ الْعَرَقُ: سۈت، ياش، پېشاب ۋە تەر قاتارلىقلار كۆپەيدى، كۆپلەپ چىقتى.

«دَرَّ الْمَشْرُوعُ أَرْبَاحًا وَفِيرَةً عَلَى أَصْحَابِهِ»: پىلان ئىگىلىرىگە كۆپ پايدا ئېلىپ كەلدى.

دَرَّ الضَّرْعُ: سۈت يېلىنغا پاتماي ئاقتى.

دَرَّ الْعِرْقُ: تومۇر كۆپتى.

دَرَّ الشَّخْصُ بِمَا عِنْدَهُ: يېنىدىكى ھەممىنى چىقاردى.

دَرَّتِ السَّمَاءُ بِالْمَطَرِ: يامغۇر قۇيۇۋەتتى.

دَرَّتِ الدُّنْيَا عَلَى أَهْلِهَا: مولچىلىق بولدى، باياشاتچىلىق بولدى.

دَرٌّ: سۈت.

لِلّٰهِ دَرُّهُ أَوْ دِرُّهُ: ئەجەب ياخشى - ھە! نېمىدېگەن بەلەن - ھە! ئۇنىڭ تەلىيى ئاللاھدىن كەلدى، نېمىدېگەن ياخشى.

لِلّٰهِ دَرُّ عُلَمَاءِ الدِّينِ...: دىنىي ئالىملار نېمىدېگەن ياخشى.

دَرَّ دَرُّهُ: ئېمىدىگەن بەلەن، ياخشىلىق كۆپ بولدى.

لاَدَرَّ دَرُّهُ: قۇرۇپ كەتسۇن، يالجىمىسۇن.

دُرٌّ ج دُرَرٌ و دُرَّاتٌ: گۆھەر، مەرۋايىت، دۇر، ياقۇت.

دَرَّاجَةٌ ج دَرَّاجَاتٌ: ۋېلىسىپىت.

«كُلُّ وَاحِدٍ هُنَا يَسْتَطِيعُ أَنْ يَرْكَبَ الدَّرَّاجَةَ»: بۇ يەردە ھەر بىر ئادەم ۋېلىسىپىت مىنەلەيدۇ.

دَرَّاجَةٌ نَارِيَّةٌ أَوْ بُخَارِيَّةٌ: موتسىكلىت.

دَرَّاجَةُ الأَطْفَالِ: بالىلار ۋېلىسىپىتى، بالىلارغا مېنىشنى ئۆگىتىدىغان ھارۋا.

دُرَّاجٌ ج دَرَارِيجُ: قۇر.

اَلدَّرَّاسُ: ئالىم، تەتقىقاتچى؛ تولۇق (خامان تەپكۈچ)

دَرَّاسَةٌ ج دَرَّاسَاتٌ: خامان تېپىش ماشىنىسى.

دَرَّاسَةٌ حَصَّادَةٌ: كومبايىن.

دَرَّاعَةٌ: برونىك ئاپتوموبىل.

دُرَّاعَةٌ ج دَرَارِيعُ: كوپتا.

دَرَّاقٌ دُرَّاقِنٌ. دَرَّاقِنٌ: شاپتۇل.

دَرَّامٌ: كىرپە.

دَرَّبَ يُدَرِّبُ تَدْرِيبًا: مەشىق قىلدى.

دَرَّبَهُ عَلَى الشَّيْءِ: ئۇنى مەشىق قىلدۇردى، مەلۇم نەرسىگە كۆندۈردى.

دَرَّبَ الْجُنْدِيَّ: ئەسكەر ئۇرۇش مەيدانىدا چىدامىلىق كۆرسەتتى.

«دَرَّبَ الْبَازِيَ عَلَى الصَّيْدِ»: قارچىغىنى ئوۋغا كۆندۈردى.

دُرَّةٌ ج دُرَرٌ: گۆھەر، مەرۋايىت.

دُرَّةٌ يَتِيمَةٌ: يېگانە گۆھەر.

دِرَّةٌ ج دِرَرٌ: قامچا، دەررە؛ سۈت.

دَرَّجَ يُدَرِّجُ تَدْرِيجًا الْمَوْضِعَ: جاينى پەلەمپەي قىلىنۋالدى.

دَرَّجَ الشَّخْصَ إِلَى الأَمْرِ: قەدەممۇ قەدەم قىلدۇردى.

دَرَّجَ الْمَرِيضَ: كېسەلنى ئاز ـ ئازدىن ئوزۇقلان-دۇردى.

دَرَّسَ يُدَرِّسُ تَدْرِيسًا الْكِتَابَ: ئۆگەتتى، بىلدۈر-دى، تەلىم بەردى.

دَرَّسَهُ الْحَوَادِثُ: ھادىسىلەر ئۇنى چېنىقتۇردى، تەجرىبىگە ئىگە قىلدى.

«تُدَرِّسُ اللُّغَةُ الإِنْكِلِيزِيَّةُ مِنَ الصَّفِّ الثَّالِثِ الإِبْتِدَائِيِّ»: باشلانغۇچ 3 ـ سىنىپتىن تارتىپ ئىنگلىز تىلى ئوقۇلىدۇ.

دَرَّعَ يُدَرِّعُ تَدْرِيعًا الْجُنْدِيَّ: ئەسكەرگە ساۋۇت كىيگۈزدى.

دَرَّعَتِ الْمَرْأَةَ: ئايالغا كۆڭلەك كىيگۈزدى.

دَرَّكَ يُدَرِّكُ تَدْرِيكًا الْمَطَرُ: يامغۇر توختىماي ياغدى.

دَرَّمَ يُدَرِّمُ تَدْرِيمًا أَظَافِيرَهُ: تىرناقلىرىنى ياسىدى.

دَرَّى يُدَرِّي تَدْرِيَةً بِكَذَا: بىلدۈردى، دوكلات قىلدى، ئۇقتۇردى.

دُرِّيٌّ: پارقىراپ تۇرىدىغان، نۇر چېچىپ تۇرىد-غان، گۆھەردەك، شانلىق، پارلاق، نۇرلۇق.

كَوْكَبٌ دُرِّيٌّ: يورۇق يۇلتۇز، چولپان.

«اَلزُّجَاجَةُ كَأَنَّها كَوْكَبٌ دُرِّيٌّ يُوْقَدُ مِنْ شَجَرَةٍ مُبَارَكَةٍ» «قرآن»: شىشە گويا نۇرلۇق يۇلتۇزدۇر، چىراغ مۇبارەك زەيتۇن دەرىخىنىڭ (يېغى) بىلەن يورۇتۇلغان.

دَرَزَ يَدْرُزُ دَرْزًا: ئىنچىكە تىكتى.

دَرَزَ الْجَرِيحَ الْجُرْحَ: تاشقى كېسەللەر دوختۇرى يارا ئېغىزىنى تىكتى.

دَرْزٌ ج دُرُوزٌ: تىكىلگەن جاي، چاك.

دَرْزَةٌ: شىرىق، تىكىش ئارىلىقى، يىڭنە ئارىلى-قى.

دُرْزِيٌّ: رادىئاكتىپلىق كرىستال.

دَرَسَ يَدْرُسُ دَرْسًا الرَّسْمَ: رەسىمنى قىرىۋەتتى، ئۆچۈرۈۋەتتى، سۈرتىۋەتتى، ئېرىتىۋەتتى.

دَرَسَ يَدْرُسُ دَرْسًا و دُرُوسًا الثَّوْبُ: كىيىم ئەسكىرەپ كەتتى.

دَرَسَ يَدْرُسُ دَرْسًا وَدِرَاسَةً الْعِلْمَ: ئىلىم ئۆگەن-دى، تەتقىق قىلدى.

«أَمْ لَكُمْ فِيهِ تَدْرُسُونَ» «قرآن»: ياكى سىلەردە

(ئاسماندىن نازىل بولغاندىن) بىر كىتاب بولۇپ، ئۇنىڭدىن سىلەرگە (قىيامەت كۈنى) خالىغىنىڭلار بار، دېگەننى ئوقۇدۇڭلارمۇ ؟

دَرَسَ الْحِنْطَةَ: خامان تەپتى.

دَرَسَ الْكِتَابَ: كىتابنى تەكرار قىلدى، مۇزاكىرە قىلدى.

دَرَسَ الْعِلْمَ عَنْ فُلاَنٍ : پالانىدىن ئۆگەندى، پالانىدا ئوقۇدى.

دَرْسٌ: ئۆچۈرۈۋېتەمەك، سۈرتىۋېتەمەك؛ ئۆگەنمەك، تەتقىق قىلماق.

دَرْسٌ ج دُرُوسٌ: دەرس، ساۋاق.

دَرِصَ يَدْرَصُ دَرَصًا النَّاقَةُ: تۆگە قىرىلىقتىن چىشى چوشۇپ كەتتى.

دِرْصٌ ج أَدْرَاصٌ و دِرَصَةٌ ودِرَصَةٌ و دِرْصَانٌ ودُرُوصٌ وأَدْرُصٌ: چاشقان بالىسى؛ ئارسلان؛ كىرپىنىڭ بالىسى؛ توشقان بالىسى، بۆجەن.

دَرْصَاءُ: قېرىلىقتىن چىشى قالمىغان تۆگە.

دَرِعَ يَدْرَعُ دَرْعًاالذَّبِيحَةَ: بوغۇزلانغان مالنى تۇلۇمچە سويدى.

دَرِعَ يَدُهُ: قولىنى چىقىرىۋەتتى، قايرىۋەتتى.

دِرْعٌ ج أَدْرُعٌ وَ دُرُوعٌ: ساۋۇت.

دِرْعُ مَفَاعِلَ: رادىئاكتىپ نۇردىن ياكى گازدىن مۇداپىئەلىنىش كىيىمى.

دِرْعٌ ج أَدْرَاعٌ: ئاياللىچە كۆڭلەك.

دَرَفَةٌ ج دَرَفَاتٌ: قانات.

دَرَفَةُ الْبَابِ: ئىشىكنىڭ قانىتى.

دَرَفَةُ الشُّبَّاكِ: دېرىزىنىڭ قانىتى.

دَرْفَلَ يُدَرْفِلُ دَرْفَلَةً الْمَعْدَنَ: مەدەننى شەكىلگە كىرگۈزدى.

دَرِقَ يَدْرَقُ دَرْقًا: تېز ماڭدى.

دَرَقَ الشَّيْءَ: يۇمشاتتى، ھەيدەلدى.

اَلدَّرْقَاءُ: بۇلۇت.

دَرَقَةٌ ج دَرَقٌ و دَرَقَاتٌ: قالقان، قاپ (بىر قىسىم ھايۋانلارنىڭ تېرىسىنىڭ سىرتىدا بولىدىغان تېپىز قاپ)

دَرَقِيُّ الشَّكْلِ: قالقان شەكىللىك.

اَلْغُضْرُوفُ الدَّرَقِيُّ: قالقانسىمان كۆمۈرچەك.

اَلْغُدَّةُ الدَّرَقِيَّةُ: قالقان بەز.

دَرْكٌ: يېتىشىۋالماق؛ مەسئۇلىيەت.

«لاَتَخَافُ دَرَكًا وَلاَتَخْشَى» «قرآن» : پىرئەۋنىڭ ئارقاڭدىن قوغلاپ يېتىشىۋېلىشىدىن قورقمىغىن، دېڭىزغا غەرق بولۇپ كېتىشىڭدىنمۇ قورقمىغىن.

دَرْكٌ ج أَدْرَاكٌ: يېتىشىۋالماق؛ تۆۋەن، تېگى.

«اِنَّ الْمُنَافِقِينَ فِي الدَّرْكِ الْأَسْفَلِ مِنَ النَّارِ» «قرآن» : مۇناپىقلار چوقۇم دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە (يەنى قەئرىگە) تاشلىنىدۇ.

«أَعُوذُبِكَ مِنْ دَرْكِ الشَّقَاءِ» «حديث» : ساڭا سىغىنىپ بەختسىزلىكتە قېلىشىمدىن پاناھ تىلەيمەن.

رِجَالُ الدَّرْكِ: ساقچىلار.

دَرْكُ الْخَفِيرِ أَوِ الْبُولِيسِ: ساقچىلار.

دَرَكَةٌ ج دَرَكَاتٌ: تۆۋەن، تۆۋەن دەرىجە؛ دەرىجە، قەۋەت، پەلەمپەي.

«اَلْجَنَّةُ دَرَجَاتٌ وَالنَّارُ دَرَكَاتٌ» : جەننەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىرى بولىدۇ، دوزاخنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىرى بولىدۇ.

دَرِمَ يَدْرَمُ دَرَمًا و دَرَمَانًا و دَرَامَةً الْقُنْفُذُ أَوِ الْأَرْنَبُ: كىرپە ياكى توشقان تېز ـ تېز ماڭدى.

دَرَمَتِ الدَّابَّةُ: ھايۋان ئۆمىلىدى.

دَرَمَتِ الْأَسْنَانُ: چىشلار چۈشۈپ كەتتى.

دَرْمَاءُ: قىزىل ياپراقلىق ئۆسۈملۈك.

دِرِمَّةٌ: توشقان؛ ساۋۇت.

دَرْمَقٌ: يۇمشاق ئۇن.

دَرْمَكٌ: يۇمشاق ئۇن.

دَرِنَ يَدْرَنُ دَرَنًا الثَّوْبُ أَوِ الْجِلْدُ: كىيىم ياكى تېرە كىر بولدى، كىرلەشتى.

دَرِنَ يَدْرَنُ دَرَنًا الشَّخْصُ: تۇبىركۇليوز بولۇپ قالدى.

دَرَنٌ ج أَدْرَانٌ: كىر، توڭرا.

«تَذْهِبُ الْخَطَايَا كَمَايُذْهِبُ الْمَاءُ الدَّرَنَ» ‹حديث›: خۇددى سۇ كىرنى تازىلاپ چىقىرىۋەتكەندەك خاتالىقنى يوققا چىقىرىدۇ.

اَلدَّرَنُ الرِّئَوِيُّ: سىل، ئۆپكە تۇبېركۇليوز.

دَرِنٌ ج دَرِنُونَ: كىر ئادەم؛ تۇبېركۇليوز بىلەن ئاغرىغان ئادەم.

دَرَنِيٌّ: سىل، ئۆپكە تۇبېركۇليوزى.

دَرَهَ يَدْرَهُ دَرْهًا عَلَى الْقَوْمِ: ئالدىغا چىقتى، ھۇجۇم قىلدى.

دَرَهَ لِلْقَوْمِ أَو عَنْهُمْ: مۇداپىئە قىلدى.

اَلدِّرْهَامُ: دىرھەم، تەڭگە.

دِرْهَمٌ ج دَرَاهِمُ: دىرھەم، تەڭگە، قەدىمكى كۈمۈش پۇل (بىر دىرھەم 3.12 گرام ئېغىرلىقتا تەڭگە)

«وَشَرَوْهُ بِثَمَنٍ بَخْسٍ دَرَاهِمَ مَعْدُودَةٍ» ‹قرآن›: ئۇلار يۈسۈپنى ساناقلىق بىر قانچە تەڭگىگە ئەرزان باھادا سېتىۋەتتى.

دَرَاهِمُ مَعْدُودَاتٌ: بىر قانچە تەڭگە.

دِرْوَاسٌ ج دَرَاوِيسُ: ئوۋ ئىتى.

دَرُورٌ: سۈتلۈك تۆگە.

دُرُوسٌ: ئۆچۈرۈلۈۋېتىلمەك، سۈرتىلمەك؛ دەرس، ساۋاق؛ ئۆگەنمەك، تەتقىق قىلماق.

دَرْوِيشٌ ج دَرَاوِيشُ: زاھىت، دۇنيا ئىشلىرىدىن قول ئۈزگەن ئادەم.

دَرَى يَدْرِي دِرَايَةً و دَرْيًا وَدِرَايَةً الْأَمْرَ: بىلدى، تونىدى.

«دَرَيْتُ الْخَبَرَ صَحِيحًا» : مەن خەۋەرنى توغرا دەپ بىلدىم.

اَلدَّرْيَاقُ: تىرياق.

دَرِيئَةٌ: سان؛ قارا.

دَرِيرٌ: تېز ئۇلاق، سېمىز ئۇلاق؛ يورۇق.

دَرِيسٌ: قۇرۇق بېدە، قۇرۇق ئوت - چۆپ.

دَرِيسَةٌ: رېمونت قىلىش كۆرۈپپىسى.

عُمَّالُ الدَّرِيسَةِ: تۆمۈر يول ياساش ئىشچىلىرى.

اَلدَّرِيمُ: خام سېمىز يىگىت.

دَرِينٌ: چىرىپ كەتكەن ئوت - خەشەك؛ كونا كىيىم؛ كەگرى.

أُمُّ دَرِينٍ: بولۇمسىز يەر، ھوسۇلسىز يەر، قاقاس يەر.

دُرَيْهِمٌ: ئازغىنە پۇل، ئازغىنە تەڭگە.

«لَمْ يَبْقَ فِي جَيْبِي سِوَى دُرَيْهِمَاتٍ قَلِيلَةٍ» : يانچۇقۇمدا تايىنى يوق ئازراق پارچە دىرھەملەردىن باشقا (نەرسە) قالمىدى.

دَسَا يَدْسُو دَسْوَةً: كېمەيدى، كىچىكلىدى؛ يولدىن چىقتى؛ بۇزۇلدى؛ يوشۇرۇندى.

دِسَارٌ ج دُسُرٌ و دُسْرٌ: مىخ، كېمىنىڭ تاختىلىرىنى چاتىدىغان چىگە، ئىككى بېشلىق مىخ.

«وَحَمَلْنَاهُ عَلَى ذَاتِ اَلْوَاحٍ وَّدُسُرٍ» ‹قرآن› : نۇھنى تاختا ۋە مىخلار بىلەن ياسالغان كېمىگە سالدۇق.

دَشْتٌ ج دُشُوتٌ: ئۆينىڭ تۆرىسى؛ ياستۇق؛ كىيىم؛ سەھرا؛ قىر.

دَشْتُ الْوِزَارَةِ: ئىچكى كابىنېت، ئىچكى كابىنېت يىغىنى، مىنىستىر كېڭىشى.

اَلدَّشْتُ إِلَيَّ: غەلىبە قىلدىم، ئۇتۇۋالدىم.

اَلدَّشْتُ عَلَيَّ: يېڭىلدىم، ئۇتتۇرۇپ قويدۇم.

تَرَبَّعَ فِي دِشْتِ سُلْطَةٍ: تەختكە ئولتۇردى.

دُسْتُورٌ ج دَسَاتِيرُ: قانۇن، سىياسىي، تۈزۈلمە؛ ئىجازەت؛ ئىنتىزام.

«يَجِبُ أَنْ يَكُونَ دُسْتُورَكَ فِي الْحَيَاةِ الْإِخْلَاصَ وَالصِّدْقَ» : سېنىڭ ھاياتىڭدىكى دەستۇرۇڭ ئىخلاسمەنلىك ۋە ساداقەتمەنلىك بولۇشى كېرەك.

دُسْتُورِيٌّ: دەستۇرغا مەنسۇپ.

دَسَرَ يَدْسُرُ دَسْرًا: ئىتتەردى، تۈرتتى.

دَسَرَ السَّفِينَةَ: كېمىنى چىگە ئارغامچا، مىخ بىلەن ئوڭلىدى.

دَسَرَهُ بِالرُّمْحِ: نەيزە سانجىدى.

دَسْرَاءُ ج دُسْرٌ: كېمە.

دَسَّ يَدُسُّ دَسًّا الشَّيْءَ: سۈيىقەست ئىشلەتتى، يوشۇردى، مەخپى تۇتتى.

«اَمْ يَدُسُّهُ فِي التُّرَابِ» «قرآن»: ياكى ئۇنى تۇپا ئاستىغا (تىرىك) كۆمەمدۇ؟

دَسَّ نَفْسَهُ بَيْنَ جَمَاعَةٍ: كۆپچىلىك ئارىسىغا سوقۇنۇپ كىرىۋالدى.

دَسَّ أَنْفَهُ: مۇناسىۋەتسىز ئىشقا ئارىلاشتى.

دَسَّ لَهُ: سۇخەنچىلىك قىلدى.

دَسَّ لَهُ السُّمَّ: يوشۇرۇن زەھەر سېلىپ بەردى.

دَسَّ السُّمَّ فِي الدَّسَمِ: سېمىز گۆشكە زەھەر سېلىپ بەردى.

دَسَّاسٌ: سۈيىقەستچى، جاسۇس، پايلاقچى، ھىيلىگەر.

«اَلْعِرْقُ دَسَّاسٌ» «مثل»: ئاتىنىڭ خۇيى بالىغا ئۆتىدۇ.

دَسَّاسَةٌ: قۇملۇقتا ياشايدىغان قىزىل يىلان.

دَسَّسَ يُدَسِّسُ تَدْسِيسًا: سۈيىقەست قىلدى، يوشۇردى، يوشۇرۇن تۇتتى، مەخپى تۇتتى.

دَسَّمَ يُدَسِّمُ تَدْسِيمًا الطَّاهِي الطَّعَامَ: ئاشپەز تاماقنى مايلىق قىلىۋەتتى.

دَسَّى يُدَسِّي تَدْسِيَةً الشَّيْءَ: يوشۇردى، كەمسىتتى.

«وَقَدْ خَابَ مَنْ دَسَّاهَا» «قرآن»: نەپسىنى (كۇفرى ۋە پىسقى ـ فۇجۇر بىلەن) كەمسىتـ كەن ئادەم چوقۇم نائۇمىد بولىدۇ.

دَسَعَ يَدْسَعُ دَسْعًا وَ دُسُوعًا: ئېغىزنى تولدۇرۇپ قەي قىلدى، قۇستى.

دَسَعَ الشَّيْءَ: ئىتتەردى.

دَسَعَ الْإِنَاءَ: قاچىنى تولدۇردى.

دَسِقَ يَدْسَقُ دَسَقًا الْحَوْضُ: كۆل تولۇپ تېشىپ كەتتى.

دَسْكَرَةٌ ج دَسَاكِرُ: كىچىك مەھەللە، كەنت؛ كافىخانا؛ كىچىك ئاشخانا؛ ئىبادەتخانا.

دَسَمَ يَدْسُمُ و يَدْسِمُ دَسْمًا الْمُضَمِّدُ الْجُرْحَ: تېۋىپچى يارىنى داكا بىلەن تاڭدى.

دَسَمَ الْبَابَ: ئىشىكنى ياپتى.

دَسَمَ الْمَطَرُ الْأَرْضَ: يامغۇر يەرنى ھۆل قىلىۋەتتى.

دَسَمَ الْأَثَرُ اَوِ الرَّسْمُ: ئەسەر ياكى رەسىم ئۆچۈپ كەتتى، يوقالدى.

دَسِمَ يَدْسَمُ دَسَمًا و دِسَامَةً الطَّعَامُ: تاماق مايلىق بولدى.

«كَثْرَةُ الدَّسَمِ فِي الطَّعَامِ تُرْهِقُ الْمَعِدَةَ»: تاماقتا مايىنىڭ كۆپ بولۇشى ئاشقازاننى كاردىن چىقىرىدۇ.

دَسِمَ الشَّيْءُ: كىر بولۇپ كەتتى، تۇپا رەڭ بولۇپ قالدى.

دَسَمٌ: گۆشنىڭ مېيى، ماي؛ گۆش بىلەن ماي؛ كىر، پاسكىنا.

لَبَنٌ كَامِلُ الدَّسَمِ: قايمىقى ئېلىنمىغان سۈت.

اَلدَّسِمُ ج دُسْمٌ و دُسُمٌ: مايلىق.

دُسُومَةٌ: مايلىق، ياغلىق، سېمىز.

دَسِيسٌ ج دُسُسٌ: ئىشپىيون، جاسۇس؛ ئوتتا پىشۇرۇلغان، كاۋاپ قىلىنغان.

دَسِيسَةٌ ج دَسَائِسُ: سۈيىقەست، ھىيلە ـ مىكىر، سۇخەنچىلىك.

«يَحُوكُ الْإِسْتِعْمَارُ الدَّسَائِسَ لِتَمْزِيقِ الْأُمَّةِ الْعَرَبِيَّةِ»: ئەرەب مىللىتىنى پارچىلىۋېتىش ئۈچۈن جاھانگىرلار سۈيىقەست ئىشلەتمەكتە.

دَسِيعَةٌ ج دَسَائِعُ: چوڭ پاشا؛ كۆپ سوۋغا، ھەدىيە؛ ئېسىل زىياپەت؛ كۈچ؛ تەبىئەت؛ ئەخلاق.

دَشَّ يَدُشُّ دَشًّا فِي كَلَامِهِ: ۋالاقشىدى، كۆپ سۆزلىدى.

دَشَّ الْحَبَّ: داننى يەنجىدى.

دَشَّ فِي الْمَكَانِ: ... غا سەپەر قىلدى.

دُشٌّ ج أَدْشَاشٌ: دۇش، ۋاننا.

أَعْطَاهُ دُشًّا: ئۇنى ئەيىبلىدى، دۆشكەللىدى.

دَشَّاشٌ: قورۇق گەپ قىلغۇچى.

دَشَّرَ يُدَشِّرُ تَدْشِيرًا: ئەزدى، مىجىقىنى چىقىرىۋەتتى؛ ئېلىپ تاشلىدى.

دَشَّنَ يُدَشِّنُ تَدْشِينًا الرَّئِيسُ الْمَشْرُوعَ: رەئىس يار ـ بۇرادەر، يارەمچىلەرنى چاقىرىپ ئىش باشلاش مۇراسىمى ئاچتى.

دَشَّنَ الشَّيْءَ: نەرسىنى بەردى، ئاتا قىلدى؛ ئارزۇ قىلدى.

دَشِيشٌ: يارما، بىرىك تارتىلغان قوناق ياكى بۇغداي يارمىسى.

دَعَا يَدْعُو دَعْوَةً دَعْوًا و دُعَاءً إِلَى: چاقىردى، تۇۋلىدى، چىللىدى، دەۋەت قىلدى، تەكلىپ قىلدى.

«دَعَا إِلَى الْإِسْلَامِ»: ئىسلام دىنىغا چاقىردى.

دَعَا يَدْعُو دُعَاءً: دۇئا قىلدى، تىلىدى.

«وَإِذَامَسَّ الْإِنْسَانَ ضُرٌّدَعَانَا» «قرآن»: ئىنسانغا بىرەر زىيان-زەخمەت يەتسە، (ئۇنى دەپئى قىلىشىمىزنى تىلەپ) بىزگە دۇئا قىلىدۇ.

«وَمَنْ أَحْسَنُ قَوْلاً مِمَّنْ دَعَا إِلَى اللّٰهِ وَعَمِلَ صَالِحًا» «قرآن»: ئاللاھقا (يەنى ئاللاھنىڭ تەۋھىدىگە ۋە تائىتىگە) دەۋەت قىلغان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ۋە « مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلاردىنمەن » دېگەن كىشىدىنمۇ ياخشى سۆزلۈك ئادەم بارمۇ ؟

دَعَاالشَّخْصَ إِلَى وَلِيمَةٍ: تويغا چاقىردى.

«نَدْعُوكَ إِلَى حُضُورِالْحَفْلَةِ الَّتِى سَتُقَامُ يَوْمَ الْأَحَدِ فِى مَعْهَدِنَا»: ئىنستىتۇتىمىزدا يەكشەنبە كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇراسىمغا سىزنى تەكلىپ قىلىمىز.

دَعَا اِبْنَتَهُ بِفَاطِمَةَ: قىزىغا فاتىمە دەپ ئات قويدى.

دَعَا الشَّخْصَ: ياردەم تىلىدى، ياردەمگە چاقىردى.

«دَعَا الْمُؤَذِّنُ النَّاسَ إِلَى الصَّلَاةِ»: مۇئەززىن كىشىلەرنى نامازغا چاقىردى.

دَعَا لِفُلَانٍ: پالانى ئۈچۈن خەيرلىك تىلىدى، ياخشى تىلەك تىلىدى.

دَعَا اللّٰهَ: ھاجىتىنى ئاللاھتىن تىلىدى ۋە سورىدى، ئاللاھقا دۇئا قىلدى.

دَعَاالْأَمْرَ إِلَى كَذَا: ئىشنى مەلۇم دەرىجىگە ئېلىپ كەلدى.

دَعَا عَلَى فُلَانٍ: بەد دۇئا قىلدى، قارغىدى، لەنەت ئوقىدى.

دُعِيَ فُلَانٌ فَأَجَابَ: قازا قىلدى، ۋاپات بولدى، ئۆلدى.

شَيْءٌ يَدْعُو إِلَى الْإِعْجَابِ: ھەيران قالدۇرىدىغان ئىش، ھاڭ - تاڭ قالدۇرىدىغان ئىش.

دَعَا يَدْعُو دَعْوَى: دەۋا قىلدى، ئەرز قىلدى.

دُعَاءٌ ج اَدْعِيَةٌ: دۇئا، چاقىرىق، تەلەپ.

دِعَائِيٌّ: تەشۋىقاتچىلىققا مەنسۇپ.

أُسْلُوبُكَ دِعَائِيٌّ: سىزنىڭ ئۇسلۇبىڭىز تەشۋىقاتچىلىققا مەنسۇپ.

دُعَابَةٌ: چاقچاق قىلماق، ئويۇن قىلماق.

«زِدْنَا مِنْ دُعَابَاتِكَ اللَّطِيفَةِ»: قىزىق چاقچاقلىرىڭنى يەنە قىلىپ بەرگىن.

«أَنَّهُ كَانَ ذَا دُعَابَةٍ»: ئۇ خۇش چاقچاق ئىدى.

دَعَارَةٌ: شاللاقلىق قىلماق، ئەخلاقسىزلىق قىلماق، ئەيش - ئىشرەت قىلماق، كەيپ - ساپاغا بېرىلمەك.

بَيْتُ الدَّعَارَةِ: پاھىشەخانا.

دِعَامٌ ج دُعُمٌ: تۈۋرۈك، تىرەك.

دِعَامَةٌ ج دَعَائِمُ: تۈۋرۈك، تىرەك.

«كَانَ عُمَرُبْنُ الْخَطَّابِ دِعَامَةَ الضَّعِيفِ»: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) ئاجىزلارنىڭ يۆلەنچۈكى ئىدى.

«أَقَامَ دَعَائِمَ الْإِسْلَامِ»: ئىسلامنىڭ تۈۋرۈكىنى تۇرغۇزدى.

دِعَامَةُ السُّلَّمِ: شوتىنىڭ غولى.

دِعَامَةُ الْقَوْمِ: ئاقساقال، يېتەكچى، باشلىق، داھى.

دَعَائِمُ الدَّوْلَةِ: دۆلەت رەھبەرلىرى، دۆلەت باشلىقلىرى.

دِعَاوَةٌ: دەۋا، ئەرز، شىكايەت، دېلو، ئەنزە.

دِعَايَةٌ ج دِعَايَاتٌ: تەشۋىقات، ئېلان.

«يَحْتَاجُ الْمَشْرُوعُ الْجَدِيدُإِلَى دِعَايَةٍكَبِيرَةٍ»: يېڭى پىلاننى زور دەرىجىدە تەشۋىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

دَعَبَ يَدْعَبُ دَعْبًا وَدَعَابَةً الشَّخْصَ: ئويناشتى، چاقچاق قىلىشتى.

دُعْبُبٌ: ئويۇن، ئويۇنچى؛ ئۇستا ناخشىچى، ياش بالا.

دِعْبِلٌ: پاقىنىڭ تۇخۇمى؛ كۆچلۈك تۆگە.

اَلدِّعْبِلَةُ الْقَوِيَّةُ: كۆچلۈك تۆگە.

دُعْبُوبٌ: قارا چۈمۈلە؛ سەيادان؛ ئادەم ماڭىدىغان يول؛ ئەخمەق؛ مۇخەننەس؛ مەسخىرە قىلىنىدىغان ئاجىز ئادەم؛ ئۇزۇن ئات؛ زۇلمەتلىك كېچە.

دَعَةٌ: تىنچلىق، خاتىرجەملىك، راھەت، پاراغەت، كەڭچىلىك، تۇرمۇش پاراۋانلىقى.

دَعَثَ يَدْعَثُ دَعْثًا التُّرَابَ فِي الْأَرْضِ: يەرگە ئۇردى، يەرگە تەپتى.

دَعِثَ يَدْعَثُ دَعَثًا: كېسەل (باشتا) بوشاشتى ۋە تىترەك ئولاشتى.

اَلدَّعْثُ: كېسەلنىڭ باشلىنىشى.

دِعْثٌ ج أَدْعَاثٌ و دَعَاثٌ: ئاداۋەت، ئۆچمەنلىك؛ قالدۇق سۇ.

دَعْثَرَ يُدَعْثِرُ دَعْثَرَةً الرَّجُلَ: يىقىتتى، ھالاك قىلدى.

دَعْثَرَ الْأَرْضَ: يەرنى دەسسىدى.

دَعْثَرَ الْحَوْضَ: كۆلنى بۇزىۋەتتى.

دَعْثَرَ الشَّيْءَ: سۇندۇرىۋەتتى.

دُعْثُرٌ: ئەخمەق.

دُعْثُورٌ ج دَعَاثِيرُ: بۇزۇلغان كۆل، ئورا، ئازگال.

اَلدُّعْثُورُ مِنَ النَّعَمِ: كۆپ چارۋا.

دَعِجَتْ يَدْعَجُ دَعْجًا الْعَيْنُ: شەھلا كۆز بولدى، كۆزى قارا بولدى.

دَعْجَاءُ: ئاينىڭ 28 ـ كېچىسى.

دُعْجَةٌ: شەھلا كۆز ، ئاھۇ كۆز.

دَعْدَعَ يُدَعْدِعُ دَعْدَعَةً الْوِعَاءَ: قاچىنى چايقىدى، سىلكىدى، لىڭشىتتى.

دَعْدَعْ: خۇدا ساقلىدى ئورنىڭدىن تۇر (يىقىلىپ چۈشكەن ياكى مۇدۈرۈلۈپ چۈشكەن ئادەمگە ئېيتىلىدىغان سۆز).

دَعْدَاعٌ: پاكىنەك، قىسقا.

دَعِرَ يَدْعَرُ وَ دَعَرَ يَدْعَرُ دَعَارَةً الرَّجُلُ: پاسىقلاشتى، يولدىن چىقتى، ئەخلاقى بۇزۇلدى.

دَعَرٌ: شالالاقلىق قىلماق، ئەخلاقسىزلىق قىلماق، ئەيش ـ ئىشرەت قىلماق، كەيپ ـ ساپاغا بېرىلمەك.

دَعِرٌ: شاللاق، پاسىق، بۇزۇق؛ چىرىگەن ياغاچ.

دُعْرٌ: ياغاچ يەيدىغان قۇرت.

دُعَرٌ: ھەمراھلىرىنى ئېيبلەيدىغان خائىن، يامان ئادەم.

دَعَسَ يَدْعَسُ دَعْسًا الْأَرْضَ: يەرنى دەسسىدى.

دَعَسَ الْمَرْأَةَ: ئايالنى خورلىدى.

دَعَسَهُ بِالرُّمْحِ: ئۇنىڭغا نەيزە سانجىدى.

دَعْسٌ: ئىز، يادىكار؛ ئىزى كۆپ يول؛ تۈزلەڭ يەر.

دَعَسَةٌ: تەكشىلىك، تۈز ـ تەكشى.

دُعْسُوقَةٌ: خانقىز (بىر خىل ھاشارات).

دَعَصَهُ يَدْعَصُ دَعْصًا: ئۇنى ئۆلتۈردى.

دَعَصَهُ بِالرُّمْحِ: نەيزە سانجىدى.

دَعَصَ يَدْعَصُ دُعُوصًا بِرِجْلِهِ: تەپتى.

دِعْصٌ ج أَدْعَاصٌ: قۇم دۆۋىسى، قۇم بارخانلىرى.

دِعْصَةٌ ج دِعَصٌ: قۇم دۆۋىسى، قۇم بارخانلىرى.

دَعَّ يَدُعُّ دَعًّا الْمُذْنِبَ: گۇناھكارنى قاتتىق سىلكىدى، ئىتتىرىۋەتتى، دۆشكەلىدى.

«اَرَاَيْتَ الَّذِى يُكَذِّبُ بِالدِّيْنِ فَذَلِكَ الَّذِى يَدُعُّ الْيَتِيمَ» «قۇرئان»: دىننى ئىنكار قىلغان ئادەمنى كۆردۈڭمۇ ؟ ئۇ يېتىمنى دۆشكەلەيدىغان ئادەمدۇر...

«يَوْمَ يُدَعُّونَ اِلَى نَارِ جَهَنَّمَ دَعًّا» «قۇرئان»: ئۇ كۈندە ئۇلار دوزاخقا قاتتىق ئىتتىرىلىدۇ.

دَعَّابٌ م دَعَّابَةٌ: ئويۇنچى، چاقچاقچى، ئىشرەتخور.

دَعَّسَ يُدَعِّسُ تَدْعِيسًا الْمَرْأَةَ: ئايالنى خارلىدى.

دَعَّسَهُ بِالرُّمْحِ: نەيزە سانجىدى.

دَعَّمَ يُدَعِّمُ تَدْعِيمًا: كۈچەيتتى، چىڭىتتى.

دَعِقَ يَدْعَقُ دَعْقًا الدَّوَابُّ: ھايۋانلار يەرنى قاتتىق دەسسەپ ئىز قالدۇرۇپ ماڭدى.

دَعَقَ الْفَرَسَ: ئىككى پۇتى بىلەن ئاتنى دېۋىتتى.

دَعَقَ الْمَاءَ: سۇنى ئېتىلدۇرۇپ چىقاردى.

دَعِقَ يَدْعَقُ دَعْقًا الْأَرْضَ: دەسسەدى، قەدەم تاشلىدى.

دَعِقَ الطَّرِيقَ: قاتتىق دەسسەپ ئىز چىقىرىۋەتتى.

دَعَكَ يَدْعَكُ دَعْكًا الشَّيْءَ: نەرسىنى ئۇۋۇلىدى، سۈركىدى، سۈرتىۋەتتى.

دَعَكَ الثَّوْبَ: كىيىمنى ئۇۋۇلىدى.

دَعَكَ الْجِلْدَ: تېرىنى ئۇۋۇلىدى.

دَعَكَ الْمَعْدَنَ بِالتُّرَابِ: مەدەننى توپا بىلەن پارقىراتتى.

دَعَكَ عَدُوَّهُ فِي التُّرابِ: دۈشمىنىنىڭ يۈزىنى توپىغا مىلىدى.

دَعَكَ الْخَصْمَ: رەقىبىنى بويسۇندۇردى.

دَعِكَ يَدْعَكُ دَعَكًا: ئەخمەق بولدى.

دَعِكٌ: ئەرسا، جاھىل.

دُعَكٌ: ئاجىز، ئەخمەق؛ قۇش.

دَعَلَهُ يَدْعَلُ دَعْلاً: ئۇنى ئالدىدى.

دَعْلَجَ يُدَعْلِجُ دَعْلَجَةً: ئالدى ـ كەينىگە ماڭدى.

دَعْلَجَ اللَّيْلُ: كېچە قاراڭغۇلاشتى، زۇلمەتلىك بولدى.

دَعْلَجَ الشَّيْءَ: نەرسىنى يۇمىلاتتى، دۇمىلاتتى؛ كۆپ ئالدى.

دَعْلَجَ الْمَاءَ فِي الْحَوضِ: كۆلگە سۇ توپلىدى.

دَعْلَجَ الشَّيْءُ: رەڭگى خىلمۇ خىل بولدى، رەڭگى ئارىلىشىپ كەتتى.

اَلدَّعْلَجُ: تولدۇرۇلغان ھەميان، تولدۇرۇلغان يانچۇق؛ كىرىشىپ كەتكەن ئۆسۈملۈك؛ قارنى يامان؛ بەرنا يىگىت؛ ئېشەك؛ بۆرە؛ قاراڭغۇلۇق.

دَعَمَ يَدْعَمُ دَعْمًا: ياردەم قىلدى، كۈچەيتتى.

«دَعَمَ مُرَشَّحًا فِي الْإِنْتِخَابَاتِ»: سايلامدا، نامزاتقا ياردەم قىلدى.

دَعَمَ الْحَائِطَ: تامغا يۆلەنچۈك قويدى.

دَعَمَ السِّلْعَةَ: پۇلنىڭ بىر قىسمىنى كۆتۈرۈۋەتتى.

«قَرَّرَتِ الْحُكُومَةُ أَنْ تَدْعَمَ بَعْضَ السِّلَعِ الْغِذَائِيَّةِ لِتَخْفِيضِ ثَمَنِهَا»: ھۆكۈمەت باھاسىنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن بىرقىسىم يېمەكلىكلەرنىڭ پۇلىنى كۆتۈرۈۋەتتى.

دَعْمٌ: ياردەم.

اَلدَّعْمُ الْعَسْكَرِيُّ: ھەربىي ياردەم.

أَمْوَالُ الدَّعْمِ: ياردەم قىلىنغان پۇل.

«شَجَبَ الدَّعْمَ الْأَمْرِيكِيَّ لِإِسْرَائِيلَ»: ئامېرىكىنىڭ ئىسرائىلىيىگە ياردەم بەرگەنلىكىنى ئەيىبلىدى.

دِعْمَةٌ ج دِعَمٌ: تۈۋرۈك، تىرەك.

دَعْمَصَ يُدَعْمِصُ دَعْمَصَةً الْمَاءُ: سۇنىڭ قۇرتى كۆپ بولدى.

اَلدُّعْمُوصُ ج دَعَامِصُ و دَعَامِيصُ: قارا قۇرت.

الدُّعْمِيُّ: ياغاچچى؛ يولنىڭ كۆپ قىسمى؛ كۆكرىكى ئاق ئات.

دَعْوَةٌ ج دَعَوَاتٌ: دۇئا، تەكلىپ؛ ئىسلام دىنىنى تەشۋىق قىلىش، ئەرز، شىكايەت؛ ئەنزە، دېلو.

«وَإِذَا سَأَلَكَ عِبَادِي عَنِّي فَإِنِّي قَرِيبٌ أُجِيبُ دَعْوَةَ الدَّاعِ إِذَا دَعَانِي» ‹قرآن›: مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا (ئۇلارغا ئېيتقىنكى) ، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن (يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ، سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىمەن) ، ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن.

«لَهُ دَعْوَةُ الْحَقِّ» ‹قرآن›: ھەقىقى قىلىنغان دۇئا ئاللاھقا قارىتىلىدۇ.

اَلدَّعْوَةُ الدِّينِيَّةُ: دىنىي دەۋەت، ۋەز ـ نەسىھەت، دىنىي تەشۋىقات.

وَجَّهَ إِلَيْهِ دَعْوَةً: ئۇنى زىياپەتكە چاقىردى.

صَاحِبُ الدَّعْوَةِ: ساھىبخان.

«هُمْ فِي دَعْوَةِ فُلَانٍ»: ئۇلار... نىڭ زىياپىتىدە.

اَلْجَهْرُ بِالدَّعْوَةِ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يوشۇرۇن دەۋەت قىلىشتىن، ئاشكارا دەۋەتكە ئۆتۈشى.

دَعْوَى: تەشەببۇس، تەلەپ؛ دەلىل ـ ئىسپات، كۆز قاراش.

«دَعْوَاهُمْ فِيهَا سُبْحَانَكَ اللّٰهُمَّ وَتَحِيَّتُهُمْ

«فِيْهَا سَلاَمٌ» «قرآن» : ئۇلارنىڭ جەننەتتىكى دۇئاسى : « ئى رەببىمىز ، بىز سېنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمىز » دېيىشتىن ئىبارەت.

دَعْوَى ج دَعَاوَى: دەۋا، ئەرز، شىكايەت، دېلو، ئەنزە.

أَقَامَ الدَّعْوَى: ئەرز قىلدى، شىكايەت قىلدى.

رَفَعَ الدَّعْوَى: ئەرز سۇندى.

«رَفَعَ دَعْوَى عَلَى فُلاَنٍ» : ئۇ مەلۇم بىراۋ ئۈستىدىن ئەرز سۇندى.

دَوَاعِي الدَّهْرِ: زاماننىڭ بالايىئاپەتلىرى.

دَعِيْبٌ: لويونچى، چاقچاقچى، ئىشرەتخور.

دَعِيٌّ ج أَدْعِيَاءُ: هارامدىن بولغان بالا، نىكاھسىز تۇغۇلغان بالا، ئاسراندى بالا.

«وَمَا جَعَلَ أَدْعِيَاءَكُمْ أَبْنَاءَكُمْ» «قرآن» : سىلەر بالا قىلىۋالغانلارنىمۇ ئاللاھ بالىلىرىڭلارنىڭ هۆكۈمىدە قىلمىدى.

دُغَامٌ: كاناي يالپۇغى.

دَغَاوِلُ: مۇسىبەت.

دَغْدَغَ يُدَغْدِغُ دَغْدَغَةً: غىدىقلىدى، قىچىقلىدى، كۆلكىسىنى كەلتۈردى.

دَغْدَغَ اللُّقْمَةَ: لوقمىنى چىشى بىلەن ئۇششاق چاينىدى.

دَغْدَغَةٌ: قىچىقلىماق، كۆلكىسىنى كەلتۈرمەك.

دَغَرَ يَدْغَرُ دَغْرًا الرَّجُلُ فِي الْبَيْتِ: كىشى ئۆيگە كىردى.

دَغَرَ فُلاَنًا: ئىتتەردى.

دَغَرَ الشَّيْءَ فِي الشَّيْءِ: ئارىلاشتۇردى.

دَغِرَ يَدْغَرُ دَغْرًا عَلَى: هوجۇم قىلدى، زەربە بەردى.

دَغَشَ يَدْغَشُ دَغْشًا: قاراڭغۇلۇقتا كىردى.

دَغَشَ عَلَيْهِمْ: هوجۇم قىلدى.

دَغَشٌ: قاراڭغۇ، قاراڭغۇلۇق.

دَغِصَ يَدْغَصُ دَغَصًا: قورسىقى تويغانلىقتىن يېرىلىپ كېتەي دەپ قالدى؛ غەزەپتىن يېرىلىپ كېتەي دەپ قالدى.

دَغْفَلٌ: پىل بالىسى.

دَغَلَ يَدْغَلُ دَغْلاً الْقَانِصُ: ئوۋچى ئوۋ قىلىش ئۈچۈن يوشۇرۇندى.

دَغَلٌ: چىرىكلىك، بۇزۇقلۇق، ئالدامچىلىق.

دَغَلٌ ج أَدْغَالٌ: ئورمانلىق.

«يُصْطَادُ النَّمِرُ مِنْ أَدْغَالِ آسِيَا وَإِفْرِيقِيَا» : يولۋاس ئاسىيا، ئافرىقا ئورمانلىرىدا ئوۋلىنىدۇ.

«سَافَرَ إِلَى أَعْمَاقِ إِفْرِيقِيَا وَتَجَوَّلَ فِي أَدْغَالِهَا» : ئۇ ئافرىقىنىڭ ئورمانلىقلىرىنى سەيلە قىلدى.

دَغَمَ يَدْغَمُ دَغْمًا الشَّيْءَ فِي الشَّيْءِ: مەلۇم بىر نەرسىنى بىر نەرسىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزدى.

دَغِمَ يَدْغَمُ دَغَمًا الْحَرُّ أَوِ الْبَرْدُ الْقَوْمَ: قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى.

دَغْمٌ: قارامتۇل ئات.

دَغِيشَةٌ: قاراڭغۇ، قاراڭغۇلۇق.

دَفْآنٌ م دَفْأَى: ئىسسىق؛ مۇلايىم.

دِفَاءٌ: ئوچاق، مەش.

دِفَاءَةٌ: ئىسسىنماق؛ ئىلمان.

أُمُّ دَفَارِ: دۇنيا، بۇ دۇنيا، بالايىئاپەت.

دِفَاعٌ: قوغدىماق، مۇداپىئەدە تۇرماق؛ ئاقلىماق (دەۋادا)

اَلدِّفَاعُ الشَّرْعِيُّ: قانۇنلۇق قوغدىنىش.

اَلدِّفَاعُ الْجَوِّيُّ: هاۋا مۇداپىئەسى.

اَلدِّفَاعُ عَنْ نَفْسِهِ: ئۆزىنى قوغدىماق.

خَطُّ الدِّفَاعِ: مۇداپىئە لىنىيىسى، قوغدىنىش سىزىقى.

«يُعَدُّ تَمَاسُكُ الْجَبْهَةِ الدَّاخِلِيَّةِ خَطَّ الدِّفَاعِ الْأَوَّلِ لِلْأُمَّةِ» : بىر مىللەت ئۈچۈن ئىچكى سەپنىڭ مۇستەھكەم بولۇشى، ئالدىنقى مۇداپىئە لىنىيىسىنىڭ مۇستەھكەم بولۇشى ھېسابلىنىدۇ.

وَزِيْرُ الدِّفَاعِ: دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى، مۇداپىئە ۋەزىرى.

دِفَاعِيٌّ: مۇداپىئە خاراكتېرلىك، مۇداپىئەگە مەنسۇپ.

مُعَاهَدَةٌ دِفَاعِيَّةٌ: مۇداپىئە كېلىشىمى، قوغدىنىش كېلىشىمى.

دُفَاقٌ: كەلكۈن، سەل.

دِفَانٌ: كۆمۈلگەن، يوشۇرۇنغان.

مَاءٌ دِفَانٌ: يوشۇرۇنغان سۇ.

دَفِؤَ يَدْفُؤُ دَفَاءَةً يَوْمُنَا: كۈنىمىز ئىسسىپ كەتتى.

دَفِئَ يَدْفَأُ دَفَاءً وَدَفْئًا مِنَ الْبَرْدِ: ئىسسىندى.

دِفْءٌ: ئىسسىتىدىغان نەرسە؛ ئىسسىپ كېتىش؛ ئىسسىق.

«أَشْعُرُ بِالدِّفْءِ الْيَوْمَ» : مەن بۈگۈن ئىسسىق ھېس قىلىۋاتىمەن.

«وَالْأَنْعَامَ خَلَقَهَا لَكُمْ فِيهَا دِفْءٌ وَ مَنَافِعُ»

‹قۇرئان› : ئاللاھ چارۋا ـ ماللارنى سىلەرنىڭ مەنپەئەتلىنىشىڭلار ئۈچۈن ياراتتى، ئۇلار بىلەن ئىسسىنىسىلەر، ئۇلاردىن پايدىلىنىسىلەر.

دَفْتَرٌ ج دَفَاتِرُ: دەپتەر، خاتىرە دەپتەر.

دَفْتَرُ التِّلْفُونِ: تېلېفون دەپتىرى.

دَفْتَرُ الدَّوَامِ: يوقلىما دەپتىرى.

دَفْتَرُ الْيَوْمِيَّةِ: كۈندىلىك خاتىرە.

دَفْتَرُ الْخِطَابَاتِ: خەت ـ ئالاقىنى تىزىملاش دەپتىرى.

دَفْتَرُ التَّشْرِيفَاتِ: مېھمانلارنى تىزىملاش دەپتىرى، رويخەت دەپتىرى.

دَفْتَرُ الشُّرُوطِ: توختام دەپتىرى.

دَفْتَرُ الْحِسَابِ: ھېسابات دەپتىرى، بوغالتىرلىق دەپتىرى.

دَفْتَرُ الْمُسَوَّدَةِ: كۈندىلىك ھېسابات دەپتىرى.

دَفْتَرُالْأُسْتَاذِ: باش دەپتەر، تارماق ھېساب.

دَفْتَرُ الصُّنْدُوقِ: كاسسىر دەپتىرى.

دَفْتَرُالشِّيكَاتِ: چېك دەپتىرى.

دَفَاتِرُ سَوْدَاءُ: قارا تىزىملىك.

مَسْكُ الدَّفَاتِرِ فِي الْمُحَاسَبَةِ: كۈندىلىك ئىشلار خاتىرىسى.

دَفْدَقَ يُدَفْدِقُ دَفْدَقَةً: سېيلاپ ئۆتتى، سىيپاپ ئۆتتى.

دَفَرَ يَدْفَرُ دَفْرًا: پۇراپ قالدى، سېسىق پۇراپ قالدى.

دَفَرَ الرَّجُلَ: ئىتتەردى، دۈشكەللىدى.

دَفْرٌ: سېسىق پۇراق، بەد بۇي.

أُمُّ دَفْرٍ: دۇنيا ، بۇ دۇنيا ؛ بالايىئاپەت.

دَفِرَةٌ: سېسىقچىلىق، بەد بۇي.

دَفَسَ يَدْفِسُ دَفْسًا الشَّيْءَ: نەرسىنى يوشۇردى، كۆمدى، دەپنە قىلدى.

دَفَشَ يَدْفُشُ دَفْشًا: ئالغا سىلجىتتى، ئالدىغا ئىتتەردى، ئىلگىرى سۈردى.

دَفَعَ يَدْفَعُ دَفْعًا إِلَى: ئالغا سىلجىتتى، ئىلگىرى سۈردى؛ مەجبۇر قىلدى.

«أَنَّ تَطَوُّرَ الزِّرَاعَةِ سَيَدْفَعُ تَطَوُّرَ الصِّنَاعَةِ» : يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ۋە سانائەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

دَفَعَ الْوَدِيعَةَ إِلَى: قايتۇردى.

دَفَعَ رُسُومَ الدِّرَاسَةِ : ئوقۇش راسخوتى تاپشۇردى.

دَفَعَ الْحِسَابَ: پۇلنى بەردى.

دَفَعَ الْحُجَّةَ: پاكىت ئارقىلىق رەت قىلدى.

دَفَعَ خَصْمَهُ: ئىتتەردى، يىراقلاشتۇردى.

دَفَعَ بِهِ إِلَى التَّهْلُكَةِ: ئۇنى ھالاكەتكە ئىتتەردى.

دَفَعَ الثَّمَنَ غَالِيًا: قۇربان بەردى.

دَفَعَ الشَّرَّ عَنْهُ: قوغدىدى.

دَفَعَ إِلَيْهِ الْمَالَ: ئۇنىڭغا مال بەردى.

«فَإِذَا دَفَعْتُمْ إِلَيْهِمْ أَمْوَالَهُمْ فَأَشْهِدُوا عَلَيْهِمْ»

‹قۇرئان› : ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى تاپشۇرۇپ بېرىدىغان چاغدا باشقىلارنى گۇۋاھ قىلىپ قويۇڭلار.

«دَعْنِي أَدْفَعُ عَنْكَ مُوَقَّتًا مَا دُمْتَ لَمْ تَحْمِلْ أَيَّةَ نُقُودٍ مَعَكَ» : يېنىڭدا پۇل بولمىسا مەن ساڭا ۋاقىتلىق پۇل بېرىپ تۇراي.

دَفْعٌ: رەت قىلماق، توسماق؛ بەرمەك، تاپشۇرماق؛ قايتۇرماق، چېكىندۈرمەك، چەتكە

قاقماق.

اَلدَّفْعُ الذَّاتِيُّ: ئۆز ئۆزىدىن ھەرىكەتلىنىش، ئىستىخىيىلىك ھەرىكەت.

دَفْعَةٌ ج دَفَعَاتٌ: بىراقلا.

دَفْعَةً وَاحِدَةً: بىردىنلا، بىراقلا، بىر قېتىم.

عَلَى دَفَعَاتٍ: بىر قانچىگە بۆلۈپ، بىرقانچە قېتىم، مۇددەت بويىچە.

دُفْعَةٌ ج دُفَعٌ و دُفُعَاتٌ: قېتىم، دورەم، نۆۋەت، قارار.

«قَدْ تَخَرَّجَ فِي هَذِهِ الدُّفْعَةِ ١٥٢ مِنَ الطُّلاَّبِ»: بۇ قاراردا 152 ئوقۇغۇچى مەكتەپ پۈتتۈردى.

دُفْعَتَانِ: ئىككى قېتىم.

دَفَّ يَدِفُّ دَفًّا الطَّائِرُ بِجَنَاحَيْهِ: قۇش ئۇچۇش ئۈچۈن قانات قاقتى.

دَفَّتْ عَلَيْهِ الأُمُورُ: ئىش بېسىۋالدى، ئىشلار كۆپىيىپ كەتتى.

دَفٌّ ج دُفُوفٌ: يان، يان تەرەپ.

«بَاتَ فُلاَنٌ مُؤَرَّقًا يَتَقَلَّبُ عَلَى دَفَّيْهِ»: ئىككى يېنىغا ئۆرۈلۈپ كېچىچە ئۇخلىيالمىدى.

دَفُّ الشَّيْءِ: يېنى، تەرىپى.

دُفٌّ ج دُفُوفٌ: ناغرا، داپ، دۇمباق.

دَفَّاءَةٌ ج دَفَّاءَاتٌ: ئوچاق، مەش.

دَفَّاءَةٌ كَهْرَبَائِيَّةٌ: توك ئوچاق.

دَفَّاشٌ: ھەرىكەتلەندۈرگۈچى، ئىلگىرى سۈرگۈچى.

دَفَّانٌ: گۆركار، گۆركولىغۇچى.

دَفَّايَةٌ ج دَفَّايَاتٌ: مەش ئوچاق، ئىسسىتىش ئۈسكۈنىسى.

دَفَّأَ يُدَفِّئُ تَدْفِئَةً الشَّخْصَ: ئىسسىتىدىغان كىيىم كىيگۈزدى.

دَفَّأَ الشَّخْصَ: ئىسسىندۇردى، ئىسسىتتى.

دَفَّةٌ: يان، يان تەرەپ.

دَفَّةُ الْحُكْمِ: ھاكىمىيەت تەرەپ، ھاكىمىيەت.

دَفَّةُ الْكِتَابِ: كىتابنىڭ مۇقاۋىسى.

دَفَّةُ الْبَابِ: ئىشىك قانىتى.

دَفَّةُ الشُّبَّاكِ: دېرىزە قانىتى.

دَفَّةُ الْمَرْكَبِ: رول.

أَدَارَ الدَّفَّةَ: رولنى بۇرىدى.

مُدِيرُ الدَّفَّةِ: رولچى.

سَيَّرَ دَفَّةَ الأُمُورِ: ئىشنىڭ يۈرۈشىگە قوماندانلىق قىلدى.

دَفَّفَ يُدَفِّفُ تَدْفِيفًا الرَّجُلَ: ئالدىرىدى.

دَفَقَ يَدْفُقُ دَفْقًا الْمَاءَ: سۇنى تۆكتى، قۇيدى.

دَفِقَ الْمَاءُ: سۇ تۆكۈلدى.

دِفْقٌ: ئىتتىك، تېز، چاققان.

دُفْقَةٌ ج دُفَقٌ و دُفُقَاتٌ: بىر قېتىم، بىر نۆۋەت، بىر مەررە.

دِفْلٌ: سۆگەت گۈل.

دِفْلَى: سۆگەت گۈل.

دَفَنَ يَدْفِنُ دَفْنًا الْمَيِّتَ: ئۆلۈكنى كۆمدى، دەپنە قىلدى.

دَفَنَ الْحَدِيثَ: سۆزنى يوشۇردى، مەخپىي تۇتتى.

دَفْنٌ: دەپنە قىلماق، كۆممەك، يوشۇرماق.

دَفُوقٌ: ئىتتىك، تېز، چاققان.

دَفِيءٌ: ئىسسىق، ئىللىق.

دَفِيئَةٌ ج دَفَاءٌ: پارنىك.

دَفِينٌ ج دُفَنَاءُ: دەپنە قىلىنغان، كۆمۈلگەن، يوشۇرۇنغان، مەخپىي، يوشۇرۇن.

«اَلشَّافِعِيُّ دَفِينُ مِصْرَ»: ئىمام شاپىئى مىسىردا دەپنە قىلىنغان.

دَاءٌ دَفِينٌ: ئېيتقىلى بولمايدىغان كېسەل.

دُمَّلٌ دَفِينٌ: ھۆررەك، مونەك.

دَفِينَةٌ ج دَفَائِنُ: خەزىنە، بايلىق، يەر ئاستى بايلىق، كۆمۈلۈپ ياتقان بايلىق؛ مەخپىي.

«لاَ تُفْصِحْ عَنْ دَفِينَةِ نَفْسِكَ»: سىرىڭنى ئاشكارىلىما.

دَفِيَّةٌ ج دَفَافِي: پىلاش، خالات.

دُقَاقٌ: ئۇششاق پارچىلار، ئۇۋاقلار.

دَقْدَقَ يُدَقْدِقُ دَقْدَقَةً الْقَوْمُ: قەۋم تولۇلاشتى، ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلدى.

دَقِرَ يَدْقَرُ دَقَرًا الْمَكَانُ: جاي باغچىغا ئايلاندى.

دَقِرَ النَّبَاتُ: ئوت - چۆپ كۆپەيدى.

دَقِرَ مِنَ الطَّعَامِ: تويدى.

اَلدَّقْرُ: بۇك - باراقسان گۈزەل باغچا.

اَلدَّقْرَاءُ مِنَ الْأَرْضِ: سۇلار ئېقىپ تۇرغان ياپيېشىللىق.

دِقْرَارَةٌ ج دَقَارِيرُ: يامان ئادەت؛ سۇخەنچىلىك، سۇخەنچى، بۇزغۇنچى؛ ئاداۋەت؛ پاكىنەك ئادەم؛ يامان سۆز.

جَاءَ بِالدَّقَارِيرِ: يالغان - ياۋىداقنى توقۇدى.

اَلدُّقْرَانُ: باراڭ.

اَلدَّقْرَةُ: گۈزەل باغچا.

اَلدَّقْرَى: گۈزەل باغچا.

دَقِعَ يَدْقَعُ دَقْعًا: تۆۋەن تۇرمۇشقا رازى بولدى، قانائەت قىلدى.

دُقْعَاءُ: توپا.

دَقَّ يَدُقُّ دَقًّا الْقَلْبُ: يۈرەك سوقتى.

دَقَّ الْبَابَ: ئىشىكنى چەكتى.

دَقَّ الْجَرَسَ: قوڭغۇراق چالدى، زىل چالدى.

دَقَّ التِّلْفُونَ: تېلېفون ئۇردى.

دَقَّ النُّقُودَ: تەڭگە سوقتى.

دَقَّ الْمِسْمَارَ: مىق قاقتى.

دَقَّ بِيَدِهِ عَلَى صَدْرِهِ: مەيدىسىگە مۇشتلىدى، مەيدىسىگە ئۇردى.

دَقَّ الْعُنُقَ: كاللىسىنى ئالدى.

دَقَّ عَلَى آلَةٍ مُوسِيقِيَّةٍ: ساز چالدى.

دُقَّ جَرَسُ الْخَطَرِ: خەتەرسىگنالى چېلىندى.

دُقَّ جَرَسُ الْمَدْرَسَةِ: مەكتەپنىڭ زىلى چېلىندى.

دُقَّتْ عُنُقُهُ: ھادىسىگە ئۇچراپ ئۆلدى.

دُقَّتِ السَّاعَةُ: سائەت جىرىڭلىدى، سائەت چېكىلىدى.

دَقٌّ: سوقماق، يانچىماق، ئەزمەك؛ (ئىشىكنى) قاقماق، ئۇرماق.

دِقٌّ: ئىنچىكە، نازۇك، ئۇششاق.

حُمَّى الدِّقِّ: ئۆزگىرىشچان قىزىتما.

دَقَّاقٌ م دَقَّاقَةٌ: تۈگمەنچى، تالقانلىغۇچى، تالقان قىلغۇچى، سوققۇچى، ئۇن ساتقۇچى.

دَقَّاقَةُ الْبَابِ: ئىشىك قوڭغۇرىقى.

سَاعَةٌ دَقَّاقَةٌ: قوڭغۇراقلىق سائەت.

دَقَّةٌ ج دَقَّاتٌ: قېقىش، ئۇرۇش، سوقۇش، چېكىش: بىر قېتىم ئۇرۇش، بىر قېتىم چېكىش.

دَقَّةً بِدَقَّةٍ: بىرگە بىر.

دَقَّاتُ النَّبْضِ: تومۇرنىڭ سوقۇشى.

دِقَّةٌ: ئىنچىكە، سىپتا، نازۇك، زىل.

بِدِقَّةٍ. عَلَى وَجْهِ الدِّقَّةِ: ئىنچىكىلىك بىلەن، دىققەت بىلەن، ئېنىق.

بِالدِّقَّةِ وَ الْإِحْكَامِ: پۇختا، توغرا، ئىنچىكە، تەپسىلىي.

دُقَّةٌ: سوقۇلغان نەرسە، يانچىلغان نەرسە، يۇمشاق، ئۇششاق، تالقان، پاراشوك.

دَقَّقَ يُدَقِّقُ تَدْقِيقًا فِي الْحِسَابِ: ئىنچىكە ھېسابلىدى.

دَقَّقَ فِي الشَّيْءِ: تەھلىل قىلدى، ئىنچىكە قارىدى.

دَقَّقَ الشَّيْءَ: ئىنچىكە قىلدى، ئىنچىكىلىدى.

دَقَلٌ: ناچار خورما، قورۇق خورما.

دَقِيقٌ ج أَدِقَّةٌ و أَدِقَّاءُ م دَقِيقَةٌ: نازۇك، ئىنچىكە، نەپىس، ئەپچىل، ئۇششاق، يۇمشاق.

دَقِيقُ الذُّرَةِ: كۆممە قوناق ئۇنى.

كَيْسُ الدَّقِيقِ: ئۇن خالتىسى.

أَبُو الدَّقِيقِ: كېپىنەك.

اَلْمِعَى الدَّقِيقُ: ئىنچىكە ئۈچەي، ئاچچىق ئۈچەي.

دَقِيقَةٌ ج دَقَائِقُ: زەررە، مالېكۇلا، ئاتوم؛ مىنۇت.

دُكَاسٌ: مۈگدەك، مۈگدەش.

دِكْتَاتُور: مۇستەبىت، ھاكىممۇتلەق، دىكتاتۇرا.

دِكْتَاتُورِيٌّ: ھاكىممۇتلەقلىق، ئىستىبداتلىق.

دِكْتَاتُورِيَّةٌ: دىكتاتۇرلۇق، مۇستەبىتلىك.

دُكْتُورٌ ج دَكَاتِيرُ: دوكتور، دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ئادەم.

دُكْتُورٌ فِي الْحُقُوقِ: قانۇن دوكتورى.

دُكْتُورٌ فِي الْأَدَبِ: ئەدەبىيات دوكتورى.

دُكْتُورٌ فِي الْعُلُومِ الزِّرَاعِيَّةِ: يېزا ئىگىلىك پەنلىرى دوكتورى.

دُكْتُورَاه م دُكْتُورَاةٌ: دوكتور (ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئىلمىي ئۇنۋانى)

دُكْتُورَاه فَخْرِيَّةٌ: پەخرىي دوكتور.

دَكْدَاكٌ ج دَكَادِيكُ: قۇملۇق، ئوڭخول - دوڭخول يەر.

دَكْدَكَ يُدَكْدِكُ دَكْدَكَةً الْحُفْرَةَ: ئازگالنى تىندۇردى، تولدۇردى.

دُكْدُكٌ ج دَكَادِكُ: قۇملۇق.

دَكِسَ يَدْكَسُ دَكَسًا: دۆۋىلەشتى.

دَكَسَ يَدْكُسُ دَكْسًا التُّرَابَ: توپا چاچتى.

دَكَسَ الْوِعَاءَ: قاچىنى تولدۇردى.

دَكَشَ يَدْكُشُ دَكْشًا فِي: تېگىشتى، ئالماشتۇردى.

دِكْشٌ: تۆمۈر كۆسەي، ئوت چوخچىلىغۇچ.

دَكَّ يَدُكُّ دَكًّا الْحَائِطَ: تامنى بۇزۇۋەتتى، ۋەيران قىلىۋەتتى.

دَكَّ الْأَرْضَ: يەرنى تۈزلىدى.

«كَلَّا إِذَا دُكَّتِ الْأَرْضُ دَكًّا دَكًّا» «قرآن»: (ئى غاپىللار، بۇنىڭدىن يېنىڭلار) زېمىن ئارقىمۇ ئارقا تەۋرىتىلگەن چاغدا...

«دَكَّ الْأَرْضَ بِالْمِنْدَالَةِ»: قالق سوقتى، يەرنى قاتتىدى.

دَكَّ التُّرَابَ: توپىنى قاتتىدى، بېسىپ تۈزلىۋەتتى.

دَكَّ الطَّرِيقَ بِالْحَصَى: يولغا شېغىل ياتقۇزدى.

دَكَّ الْبُنْدُقِيَّةَ: مىلتىق ئاتتى، مىلتىق ۋە زەمبىرەككە ئوق - دورا قاچىلىدى.

دُكَّ: بۇزماق، ئۆرۈمەك.

«فَلَمَّا تَجَلَّى رَبُّهُ لِلْجَبَلِ جَعَلَهُ دَكًّا وَ خَرَّ مُوسَى صَعِقًا» «قرآن»: پەرۋەردىگارى تاغقا تەجەللى قىلىشى بىلەن تاغنى تۈپتۈز قىلىۋەتتى، مۇسا بىھوش بولۇپ يىقىلدى.

دَكَّاكَةٌ: بىگىز.

دُكَّانٌ ج دَكَاكِينُ: دۇكان، ماگىزىن، بۇتكا.

دَكَّةٌ ج دِكَكٌ: ئوزۇن ئورۇندۇق.

دِكَّةٌ ج دِكَكٌ: ئىشتانباغ، تاسما، بەلباغ.

دَكَّكَ يُدَكِّكُ تَدْكِيكًا السَّرَاوِيلَ: ئىشتانغا باغ ئۆتكۈزدى.

دَكَّكَ الشَّيْءَ بِالشَّيْءِ: نەرسىنى نەرسىگە ئارىلاشتۇردى.

دَكَّلَ يُدَكِّلُ تَدْكِيلاً الدَّابَّةَ: ئۇلاغنى توپىدا ئېغناتتى.

دَكَّمَ يُدَكِّمُ تَدْكِيمًا الشَّيْءَ فِي الشَّيْءِ: نەرسىنى نەرسىگە كىرگۈزدى.

دَكَّنَ يُدَكِّنُ تَدْكِينًا: دۆۋىلەپ قويدى.

دَكَلَ يَدْكُلُ و يَدْكِلُ دَكْلاً الطِّينَ: لايىنى قولى بىلەن ئالدى.

دَكَلَ الشَّيْءَ: نەرسىنى دەسسىدى.

دَكَمَ يَدْكُمُ دَكْمًا فِي صَدْرِهِ: مەيدىسىدىن ئىتتەردى، ئىتتىرىۋەتتى.

دَكَمَ أَنْفَهُ أَوْ فَمَهُ: ئېغىزىنى ياكى بۇرنىنى مىجىۋەتتى.

دَكَمَ الشَّيْءَ: نەرسىنى قاقتى؛ بىر - بىرىنىڭ ئۈستىگە قويدى.

دَكَمَهُ فِي رَأْسِهِ: ئۇستى.

دَكِنَ يَدْكَنُ دَكَنًا و دُكْنَةً لَوْنُهُ: ئۇنىڭ رەڭگى قارىغا مايىل بولدى، قوڭۇر بولدى.

دَكَنَ الْمَتَاعَ: يۈك - تاقنى دۆۋىلىدى، دۆۋىلەپ قويدى.

دَكِنٌ: قارامتۇل.

دُكْنَةٌ: قارامتۇل، سەل - پەل قارا.

دُكْنَةٌ: قارامتۇل، قارىغا مايىل.

دَكِيسَةٌ: توپ.

دَكِيسَةٌ مِنَ النَّاسِ: كىشىلەر توپى.

دَلاَ يَدْلُوْ دَلْوًا الدَّلْوَ: قۇدۇقتىن سۇ تارتتى.

دِلاَثٌ ج دُلُثٌ و دُلُثٌ: تېز، چاپسان، چاققان، ئىتتىك.

دِلاَكَةٌ: ئۇۋۇلاش كەسپى.

دَلاَلٌ: ناز قىلماق، غىلجىڭلىق قىلماق، ناينا-شىماق.

دَلاَلَةٌ: يېتەكلىمەك، باشلىماق.

دَلاَلَةٌ ج دَلاَئِلُ: ئالامەت، ئىشارەت، بەلگە.

دِلاَلَةٌ: چاي پۇلى، تاپان ھەققى، كېلىشتۈرۈش ھەققى.

دُلْبٌ: چىنار دەرىخى؛ ئۇششاق بامبۇك.

دَلَثَ يَدْلِثُ دَلْثًا: كىچىك قەدەم بىلەن تېز ماڭدى.

دَلَجَ يَدْلِجُ دُلُوجًا: (سۇ) چىقاردى.

دَلَجَانٌ: چېكەتكە.

دُلْجَةٌ: پۈتۈن كېچە ياكى كېچىنىڭ ئاخىرىدا يول مېڭىش.

دَلَجَةٌ: كېچىنىڭ ئاخىرقى ۋاقتى.

دَلَحَ يَدْلَحُ دَلْحًا: ئېغىر يۈكنى كۆتۈرۈپ ئاستا ماڭدى.

دَلِخَ يَدْلَخُ دَلْخًا الرَّجُلُ: سەمىردى.

دَلِخَ الْإِنَاءُ: قاچا لىممۇ لىق تولدى.

دَلِخٌ : سېمىز ئادەم، پور.

دَلْدَلَ يُدَالْدِلُ دَلْدَلَةً الشَّيْءَ: نەرسىنى ئاستا قويدى.

دَلْدَلَ رَأْسَهُ: ماڭغان چاغدا بېشىنى لىڭشىتىپ ماڭدى.

دُلْدُلٌ: جەيرە؛ كىرپە؛ چوڭ ئىش.

دُلْدُولٌ ج دَلاَدِيلُ: كىرپە.

دُلْدُولَةٌ: قۇلاق ھالقىسى قاتارلىق كىچىك زىننەت بۇيۇملىرى.

دَلَسٌ. دُلْسَةٌ: قاراڭغۇ، زۇلمەت؛ ئالدىماق.

دَلَصَ يَدْلَصُ دَلِيصًا الشَّيْءُ: نەرسە پارقىرىدى.

دَلِصٌ ج دِلاَصٌ: پارقىراق.

دَلَعَ يَدْلَعُ دَلْعًا لِسَانَهُ: تىلىنى چىقاردى.

دَلَفَ يَدْلِفُ دَلْفًا و دَلَفَانًا و دُلُوفًا الشَّيْخُ : قېرى ئادەم قىسقا قەدەم تاشلىدى، قىسقا قەدەم بىلەن ئاستا ماڭدى، ئۇ ئۇششاق چامدام ماڭدى.

دَلَفَ إِلَى: يېقىنلاشتى، يۈزلەندى.

دُلْفِينٌ ج دُلاَفِينُ: دېڭىز دېلفىنى.

دَلَقَ يَدْلُقُ دُلُوقًا ودَلْقًا السَّيْفَ مِنْ غِمْدِهِ: قىلىچنى غىلاپتىن چىقاردى.

دَلَقَ السَّيْفُ: قىلىچ غىلاپتىن چىقىپ كەتتى.

دَلَقَ الْمَاءَ: سۇنى تۆكۈۋەتتى.

دَلَكَ يَدْلُكُ دَلْكًا الشَّيْءَ: ئۇۋۇلىدى.

دَلَكَ السَّيْفَ: قىلىچنى پارقىراتتى.

دَلَكَ الْعُودَ: ئۇۋۇلىدى.

دَلَكَهُ الدَّهْرُ: تۇرمۇش ئۇنى چېنىقتۇردى، پىششۇر-دى، تەجرىبىلىك قىلدى.

دَلَكَ يَدْلُكُ دُلُوكًا الشَّمْسُ: كۈن چىققان ۋە ئولتۇرغان چاغ.

«أَقِمِ الصَّلاَةَ لِدُلُوكِ الشَّمْسِ إِلَى غَسَقِ اللَّيْلِ»

«قرآن» : (ئى مۇھەممەد !) كۈن قايرىلغان ۋاقىتتىن تارتىپ قاراڭغۇ چۈشكەن ۋاقىتقا قەدەر ناماز ئوقۇغىن.

دَلَّ يَدُلُّ دَلاَلَةً الشَّخْصَ إِلَى ... عَلَيْهِ: ئايان قىلدى، ئاشكارىلىدى، كۆرسىتىپ قويدى، كۆرسەتتى، يېتەكلىدى، باشلىدى، يول كۆرسەتتى.

«هَلْ أَدُلُّكُمْ عَلَى أَهْلِ بَيْتٍ يَكْفُلُونَهُ لَكُمْ»

«قرآن» : «سىلەرگە مۇسانى ئوبدان باقىدىغان بىر ئائىلىنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟»

«يَدُلُّ التَّارِيخُ عَلَى أَنَّ الشُّعُوبَ سَتَنْتَصِرُ» : تارىخ خەلقلەرنىڭ غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

دَلَّتِ الْمَرْأَةُ: ئايال ئەركىلىدى، ناز قىلدى،

غـلـجـىـكلـىق قـىلـدى.

دَلَّتِ الْفَتَاةُ: قىز ئېغىر - بېسىق بولدى.

إِمْرَأَةٌ ذَاتُ دَلٍّ: نازىنىن ئايال.

دِلَاغٌ: تاۋۇز.

دَلَّاقٌ: ئۇۋۇلىغۇچى.

دَلَّالٌ: دەللال، بېدىك، ۋاستىچى.

حِرْفَةُ الدَّلَّالِ: ۋاستىچىلىق كەسپى، دەللاللىق كەسپى.

أُجْرَةُ الدَّلَّالِ: دەللاللىق ھەققى.

دَلَّايَةٌ ج دَلَّايَاتٌ: ئاچقۇچ ئۆتكۈزىدىغان ھالقا.

دَلَّايَةُ الْقِلَادَةِ: ھالقا.

دَلَّايَةُ الْمَفَاتِيحِ: ئاچقۇچ ھالقىسى.

دَلَّسَ يُدَلِّسُ تَدْلِيسًا الْبَائِعُ عَلَى الْمُشْتَرِي: ساتقۇچى خېرىداردىن مالنىڭ ئەيىبىنى يوشۇردى.

دَلَّسَ الْمُحَدِّثُ فِي الْإِسْنَادِ: ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچى ھەدىسنى ئۆزى بىۋاستە ئاڭلىغان ئادەمنى تىلغا ئالماي، ئۇنىڭدىن يۇقىرىراق رىۋايەت قىلغۇچىدىن ئاڭلىغانلىقىنى دەۋا قىلدى.

دَلَّكَ يُدَلِّكُ تَدْلِيكًا الشَّيْءَ: ئۇۋۇلىدى.

دَلَّكَ الْمَرِيضَ: كېسەلنىڭ بەدىنىنى ئۇۋۇلىدى.

«دَلَّكَ جِسْمَهُ عِنْدَ الْإِغْتِسَالِ لِيُنَقِّيَ»: تازىلىنىشى ئۈچۈن يۇيۇنغاندا بەدىنىنى ئۇۋۇلىدى.

دَلَّلَ يُدَلِّلُ تَدْلِيلًا عَلَى السِّلْعَةِ: مالنى توۋلاپ بازارغا سالدى.

دَلَّلَ عَلَى الْمَسْأَلَةِ: مەسىلىنىڭ دۇرۇسلۇقىغا دەلىل كۆرسەتتى.

دَلَّلَ الطِّفْلَ: كىچىك بالىنى ئەركە چوڭ قىلدى، ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتتى.

دَلَّهَ يُدَلِّهُ تَدْلِيهًا الْحُبُّ: مۇھەببەت ئۇنى ئەقلە-نى ئازدۇردى، بىھوش قىلىپ قويدى.

دَلَّى يُدَلِّي تَدْلِيَةً الشَّيْءَ: ساڭگىلاتتى، چۈشۈر-دى.

«فَدَلَّاهُمَا بِغُرُورٍ» «قرآن»: ئالدامچىلىق ئۇسۇللىرى بىلەن ئۇلارنى چۈشۈردى.

«دَلَّى رِجْلَيْهِ مِنَ السَّرِيرِ»: پۇتىنى كارىۋاتتىن ساڭگىلاتتى.

دَلِمَ يَدْلَمُ دَلَمًا الشَّيْءُ: قارىيىپ كەتتى.

دَلِمَتِ الشَّفَةُ: لەۋ بوشىشىپ كەتتى، ساڭگىلاپ كەتتى.

دُلَّمٌ: پىل.

دَلْمَاءُ: قەمەرىيە ئېيىنىڭ ئاخىرقى كېچىسى.

دُلْمَةٌ: پىل رەڭ.

اَلدِّلْمِسُ: مۇسىبەت.

دَلِهَ يَدْلَهُ دَلْهًا الشَّخْصُ: تېڭىرقاپ قالدى.

دَلْهَمٌ: بۆرە؛ قاراڭغۇلۇق؛ ئاشىقى بىمقارار.

دِلْهَمٌ: جۇرئەتلىك؛ يولۋاس.

دَلْوٌ ج دِلَاءٌ وَ أَدْلٍ: چېلەك، سوغا.

«وَجَاءَتْ سَيَّارَةٌ فَأَرْسَلُوا وَارِدَهُمْ فَأَدْلَى دَلْوَهُ» «قرآن»: بۇ يەردىن بىر كارۋان ئۆتتى ، ئۇلار سۇچىسىنى (سۇ ئېلىپ كېلىشكە) ئەۋەتتى ، ئۇ سوغىسىنى قۇدۇققا تاشلىدى.

بُرْجُ الدَّلْوِ: دەلۋە بۇرجى (ئاسمان بۇرجلىرىدىن بىرى)

دَلُوخٌ: سېمىز، بولۇق چوڭ خورما دەرىخى.

دَلُوخٌ ج دُلَّخٌ و دَوَالِخُ: سېمىز ئادەم، پور.

دَلُوعٌ: چوڭ يول؛ كارۋاننىڭ ئالدىدا ماڭىدىغان تۆگە.

دَلُوقٌ: قىلىچ چىقارغۇچى؛ قاتتىق.

اَلدَّلُوقُ مِنَ النُّوقِ: يېشى چوڭلۇقىدىن چىشى سۇنۇپ كەتكەن تۆگە.

دَلُوكٌ: سۇرتىلىدىغان نەرسە.

دَلِيَ يَدْلَى دَلْيًا: تېڭىرقاپ قالدى، ھاڭ - تاڭ قالدى.

دَلِيَ لَهُ: كەمتەر بولدى.

دَلِيكٌ ج دُلُكٌ: تەجرىبىلىك ئادەم؛ چاڭ - توزان.

دَلِيلٌ ج أَدِلَّةٌ: پاكىت، دەلىل - ئىسپات، ھۆججەت.

«ثُمَّ جَعَلْنَا الشَّمْسَ عَلَيْهِ دَلِيلًا» «قرآن»:

ئاندىن قۇياشنى سايىگە دەلىل قىلدۇق.

أَقَامَ الدَّلِيلَ: پاكىت كۆرسەتتى، ئىسپاتنامە كۆرسەتتى.

دَلِيلٌ ظَرْفِيٌّ: ۋاسىتىلىق ئىسپات.

دَلِيلُ الْهَاتِفِ: تېلېفون دەپتىرى.

دَلِيْلٌ ج أَدِلَّاءُ: ساياھەتچىلەرگە يول باشلىغۇچى.

«يَعْمَلُ دَلِيلاً فِي وِزَارَةِ السِّيَاحَةِ» : ساياھەت مىنىستىرلىكىدە يول باشلىغۇچى بولۇپ ئىشلەيدۇ.

دَلِيلَةٌ ج دَلَائِلُ: ئوچۇق يول، روشەن يول.

دَمٌ ج دِمَاءٌ: قان.

«نُسْقِيكُمْ مِمَّا فِي بُطُونِهِ مِنْ بَيْنِ فَرْثٍ وَدَمٍ لَبَنًا خَالِصًا سَائِغًا لِلشَّارِبِينَ» «قۇرئان» : سىلەرنى چاھار پايلارنىڭ قارنىدىكى ماياق ـ تېزەكتىن ۋە قاندىن ئايرىلىپ چىققان پاكىز ۋە تەملىك سۈت بىلەن سۇغىرىمىز.

